بسم الله الرحمن الرحيم

HAKSEVER

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

④

نەشرگە تەييارلىغۇچى


Haksever İslam Araştırma Merkezi

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

| | |
|---|---|
| Redaksiyon | تەھرىر |
| **Habibullah KURBANİ** | **ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN:** 978-625-00-0277-3

yayın adresi:

Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok
no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023 ـ يىلى 1 ـ ئاي



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



ئالاقىلىشىش ئادرېسى: Haksever090@gmail.com

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

## 4 ـ قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى


**مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.......................................1
ۋەيران بولغان ئوغۇل ..................................7
ئىلاھىي ھېكمەت .................................12
ئىگىسىگە قايتۇرۇلغان پۇل .............................17
ئىستىغپارنىڭ كارامىتى...............................22
ئىخلاس بىلەن قىلىنغان سەدىقە ........................26
يېتىمنىڭ نالىسى ...................................34
يېتىملارنىڭ كاپالىتى جەننەتنىڭ بىشارىتى ......................40
مەخپىي سەدىقە .....................................44
ئۆلۈمدىن قايتقان ئانا ..................................49
ئۆزگىچە دەۋەت ئۇسۇلى.................................55
ئۆز قىزىدىن ۋاز كەچكەن پويىز خادىمى ...................59
ئوغلۇم، ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن! ......................63
ئوت ئىچىدە قالغان بوۋاق..................................68
ياۋروپالىق قىزنىڭ توي تەكلىپى...........................72
خاتا چۈشىنىش .......................................77
ئالما ھېكايىسى........................................83

ئاشقان تاماق........................................ 89
ئاشقان پۇل ........................................ 94
ياخشىلىقنىڭ كۈچى ........................................100
ياخشى سۆزنىڭ كارامىتى........................................104
ۋەزىپىدىن قايتقان چايان ........................................109
ۋاپادارلىق ئابىدىسى ........................................113
ھەج يولىدىن قايتقان ھەلىمە ........................................118
نەمۇنىلىك دوختۇر........................................123



«تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ يۈرۈشلۈك ئەسەر «قرآني جناتي» (قۇرئانىم جەننىتىم) ناملىق ئەرەبچە كارتون فىلىملەر قانىلىدىكى تەربىيەۋى خاراكتېرگە ئىگە، رېئال ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت تەرىپىدىن باللارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى نۇر ئېكرانى (NUR TV) تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ تارقىتىلغان، جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كارتون رەسىملەر قىستۇرۇلغان ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك كىتاب قىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

# كىرىش سۆز

ھېكايە ــ مەلۇم بىر زامان ۋە ماكاندا، بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئەمەلىي ياكى توقۇلما ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بىر ياكى بىرقانچە بەتلىك قىسقا يازمىلاردىن ئىبارەت.

ھېكايە ــ باللار تەربىيەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇش ۋە مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدە ھېكايىنىڭ رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مىللەت. شۇڭلاشقا، كىچىكىمىزدە ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بوۋا ـ مومىلىرىمىز ئاخشاملىرى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇخلاش ئالدىدا بېشىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەر بىزنى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، شېرىن خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتى. بىز ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېكايىلەر:

- باللارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سۆزلۈك ئامبىرىنى بېيىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ راۋان جۈملە قۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. ھېكايىنىڭ باللارنىڭ تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

- باللارنىڭ چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.
- باللاردا ئىجادچانلىق روھى يېتىلدۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئىجادىي ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. باللار بۇ ئارقىلىق سوئال سوراش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقالايدۇ.
- بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاش بالىلىرىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- باللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.
- باللار ھېكايىدىكى ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى دورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە

قىلىدۇ.

- باللارغا گۈزەل ئەخلاق سىڭدۈرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.
- باللارغا ئەقىل - پاراسەت بېغىشلايدۇ، جاسارەت ۋە سەممىيلىك ئاتا قىلىدۇ.
- باللارنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
- باللارنى تۈرلۈك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان خەلق ۋە مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھېكايىلەر ئۇلارنى دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- باللار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل - پاراسەت بىلەن چىقىش يولى تاپالايدۇ، ھېكايە ئۇلارغا ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ ھاياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

باللارنى بۇگۈنى ۋە كەلگۈسىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئېسىل ئىنسانىي قىممەت ـ قاراشلار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ.

- باللارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئەخلاق ـ پەزىلەت، قىممەت ـ قاراش، توغرا بولغان غايە ـ نىشانلارنى سىڭدۇرىدۇ.

ھېكايە ــ باللار ئۈچۈن پەقەت زوقلىنىپ ئوقۇپ قويىدىغان ياكى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ قويىدىغان بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس، ئەكسىچە ئېچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەھرىمانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان ھاياتنىڭ بىر پارچىسىدۇر. باللار تەبىئىي ھالدا، ياخشى روللاردىكى قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس كۆزىتىش ئۇسۇلى، ياشاش شەكلى ۋە كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، شۇلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شۇلارغا ئوخشاش ھېس قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ قەھرىمانلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارغىمۇ دوستتەك، دۈشمەنلىرى ئۇلارغىمۇ دۈشمەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، قايغۇسىغىمۇ جور بولىدۇ. ھەتتا باللار ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى قارار بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ دېگەنلىرىمىز پەقەت باللاردىلا ئەمەس، چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

ھېكايە ــ ئەڭ ئۈنۈملۈك بايان تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق ئەڭ قىيىن تېمىلارنىمۇ ئاسانلا چۈشەندۈرگىلى، باللارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، باللارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭ تەبىئىتىگىمۇ چۈشىنىش ۋە ئىدراك قىلىشتا ئابستراكت، قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن بەكرەك، كونكرېت پىكىرلەرنى ئاڭلاش مايىللىقى يوشۇرۇنغان

بولىدۇ. ھېكايىدە پىكىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، چۈشىنىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېكايە ئارقىلىق ئۇقۇملار زېھنىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېسىمىزدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئوچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر ھەم ئېتىك ئۇنتۇلىدۇ، ھەم ئەقلىمىزنى چارچىتىپ، دىققىتىمىزنى چېچىۋېتىدۇ.

ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش دىنىي تەربىيەگە نىسبەتەنمۇ كەلگۈسى ئەڭ پارلاق بولغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى، بالىلار ھېكايىلىرى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزغا يات، دىنىمىز ۋە قىممەت - قاراشلىرىمىزغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قولىڭىزدىكى «تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتاب بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى روھىيىتى قاغجىراپ، مەنىۋى تەشنالىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىلىپ تەييارلاندى. كىتابتىكى ھېكايىلەر رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن، ساپلىق ۋە چىنلىققا ئىگە ۋەقەلىكلەر بولۇپ، بالىلارنى ساغلام ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېكايىلەردە ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەر، مەشھۇر سۇلتانلار، ئۆلىمالار، قازى - قۇزاتلار، ساخاۋەتچى، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى قىزىقارلىق كارتون رەسىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ

ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، باللارنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

ئاللاھتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاددىي خىزمىتىمىزنى ھەممەيلەنگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمانلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق يېتىشىپ چىقىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە كىرىشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

# ۋەيران بولغان ئوغۇل

ھەممەيلەن تولىمۇ ياقتۇرىدىغان، ناھايىتى تەقۋادار، ئاقكۆڭۈل بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر ئاشخانىسى بولۇپ، ھەر كۈنى تۈرلۈك مەززىلىك تاماقلارنى چىقىراتتى. نامى ئەتراپتىكى يۇرت - مەھەللىلەردە مەشھۇر بولغاچقا، يىراق - يېقىندىن كېلىدىغان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن



رىزىق بېرىپ، تاپاۋىتى ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆي ئوچاقلىق بولغان ئىككى ئوغلىمۇ بار بولۇپ، ئاشخانىغا ياردەملىشىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى چوڭ ئوغلى سادىق دادىسىغا ئۆزىنىڭ ئاشخانىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئاشخانا ئېچىش ئويى بارلىقىنى، شۇڭا ئاشخانىدىكى پېيىنى ئايرىپ بېرىشىنى ئېيتتى.

ـ ئوغلۇم، ئۇنداق قىلما! بىز پەقەت ھەمكارلاشقانلىقىمىز ئۈچۈنلا بۇ ئاشخانىنىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ. چىققان پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈۋاتىمىزغۇ! ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ـ

دېدى دادا خاپا بولۇپ.



سادىق دادىسىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئاخىر دادا ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغىنىدىنمۇ كۆپرەك پاي ئايرىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ سادىق خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ دەل قارشى تەرىپىگە، ئوخشاش ئىسىمدا بىر ئاشخانا ئاچتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا كۆپ خېرىدار كەلمەي، كىشىلەر دادىسىنىڭ ئاشخانىسى تەرەپكە سەلدەك ئېقىپ كېتىۋەردى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سادىق ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىغا تۈزۈكرەك خېرىدار كەلمەي، بۇنداق كېتىۋەرسە، زىيان تارتىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.



شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى ـ دە، دادىسىنىڭ سودىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئاشخانىسى ئۈستىدىن ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا

باشلىندى. ئەمما، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىقنىڭ دادىسى ۋاپات بولدى، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قايغۇردى. بىراق، سادىق بەكمۇ خۇرسەن بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ئىنىسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى.



بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بىر تۇل ئايال كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېتىم قالغان ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن يېتىم بالىلارنىڭ چىقىملىرى ئۈچۈن دادىسى بېرىپ كېلىۋاتقان ئايلىق تۇرمۇش پۇلىنى بېرىشىنى ئۆتۈندى. سادىق ئۇنىڭغا بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن دەپ قويۇپ، قۇرۇق قول يولغا سالدى.

سادىق دادىسىنىڭ ئاشخانىسىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، خېرىدارلارنى ئىگىلىيەلمىدى، سودىسى كۈندىن - كۈنگە كاساتلاشتى. ئۇ ھەر كۈنى خېرىدارسىز قالغان ئاشخانىنى كۆرگەندە، كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان بولاتتى...

خېرىدارلار زادى نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلار ئەمدى نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟...

ئۇ بەندىلەرنىڭ رىزقىنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ،

ئۆز رىزقىنىڭ تار بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى ھەققىدە ئاللاھتىن قورقمىغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلمىدى. كۈن ئۆتكەنسېرى قاتمۇقات زىيانغا ئۇچراپ، ئاشخانىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆيدىن چىققۇسىمۇ كەلمەي، بىر بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپلا ئولتۇراتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش، دادىسى ئۈچۈن خەير ـ ئېھسان قىلىش ۋە قېرىنداشلىرىغا ۋاپادار بولۇش ھەققىدە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى؛ يېتىملارغا، تۇل ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىپ، دادىسىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئوغۇل شۇ ھامان ھېلىقى تۇل ئايالنى ئەسلىدى ۋە ئايالى بىلەن بىرىپ ئۇنىڭ ئايلىق تۇرمۇش پۇلىنى قولىغا تۇتقۇزدى، گۇناھلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلدى، قېرىندىشىنىمۇ ئاشخانىغا قايتۇرۇپ كەلدى.



شۇنىڭ بىلەن ئاشخانىنىڭ سودىسى بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئاشخانىنىڭ سودىسى خۇددى دادىسى ھايات ۋاقتىدىكىدەك بىردىنلا جانلىنىپ، تىجارىتىگە بەرىكەت قونۇشقا باشلىدى، خېرىدارلار ئاشخانىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ئەمما سىلەر (ئاللاھقا) موھتاجسىلەر. ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ ـ دە، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[1].

1) مۇھەممەد سۈرىسى، 38 ـ ئايەت.

# ئىلاھىي ھېكمەت

رەمزى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئايرىلغان ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ تۇرغان جەرياندا ئىزچىل تىرىشىپ، ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقان ئىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز جەمەتىدىن بىر قىز بىلەن ئۆيلەندى. رەمزىنىڭ نامرات بىر ئاكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. رەمزى ئاللاھتىن خۇددى نامرات ئاكىسىغا بەرگەنگە ئوخشاش، ئۆزىگىمۇ بىرقانچە ئوغۇل - قىز پەرزەنت بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. لېكىن، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي، تولىمۇ قايغۇردى.





رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاكىسى ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز تېلېفون قىلىپ ئوغلىنىڭ جىددىي ئاغرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىراق، رەمزى بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

بىر كۈنى ئىمام ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، كۈندىلىك دەرسىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن بىر يىگىتنى يېشىكتىكى خورمىلارنى جامائەتكە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن:



— خورمىلارنى تارقىتىشنىغۇ تارقىتىپ بېرەي، لېكىن ئاللاھنىڭ تەقسىماتى بويىچە بولسۇنمۇ ياكى بەندىلەرنىڭ تەقسىماتى بويىچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىمام ئۇنىڭغا:

— بەندىلەرنىڭ تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلغىن! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر كىشىگە ئۈچ تالدىن بېرىپ، ئېشىپ قالغىنىنى بىر چەتتە قويدى. ئىمام:

— ئەمدى ئاللاھنىڭ تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلغىن! — دېدى.

يىگىت خورمىنى قايتىدىن تەقسىملەشكە باشلاپ، بىرىنچى كىشىگە سۈپەتلىك خورما، ئىككىنچى كىشىگە ناچار خورما بەردى، ئۈچىنچىسىگە ھېچنېمە بەرمىدى، تۆتىنچى كىشىگە بولسا ئېتەكى توشقۇچە خورما تۆكۈپ بەردى. ئىمام رەمزىنىڭ چىرايىدىكى

ھەيرانلىقنى كۆرۈپ دەرسنى باشلاپ مۇنداق دېدى:

بۇ يىگىت بىزگە ئاللاھنىڭ ھەر ئىشىدا ئۆزى بىلىدىغان بىر ھېكمەت بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى. بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىرى ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدۇر. ناۋادا ھەممەيلەنگە ئوخشاش مال - دۇنيا بېرىلسە، پۇل - مالنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئەگەر ھەممەيلەن كېسەل بولمىسا، ساقلىقنىڭمۇ



ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ئەگەر ھەممەيلەنگە ئوخشاش پەرزەنت ئاتا قىلىنسا، ئىنسانلار پەرزەنتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. بۇ ھاياتنىڭ سىرى ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاشتۇر. بىز بۇ كەمتۈك ئەقلىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپ بولالمايمىز. دېمەك، ئاللاھ بىر بەندىگە مال - دۇنيا، پەرزەنت، ساقلىق ۋە ئىلىم بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ چوقۇم بىر ھېكمىتى بار. ئەگەر بۇ نېمەتلەرنى مەلۇم بىر بەندىگە بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭدىمۇ ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى بار. بىز ھاياتلىقنى مانا مۇشۇنداق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا ئەڭ ئادىلدۇر. ئىنسانلارغا ھەممىنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىدۇ. مال - دۇنيا، ساقلىق، پەرزەنت قاتارلىقلار بېرىلگەن كىشى مول نېمەت بېرىلگەن كىشىدۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ تائالا

ئىنسانلارغا غەيب پەردىسىنى ئېچىۋەتكەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بىرزە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمايتتى. ھەممە ئىشتا ئاللاھ نېمىنى تاللىغان بولسا، بىزمۇ شۇنى تاللاشقا مەجبۇر بولاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن تەقسىماتىغا رازى بولغىن، ئەڭ باي كىشىلەردىن بولىسەن».

بۇ چاغدا رەمزىنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياشلار ئاقتى، گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا:



- ئى ئاللاھ! تەقسىماتىڭغا رازى بولدۇم، - دېدى.

رەمزى دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلىنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرىغا يېتەرلىك پۇل ئېلىپ بېنىغا باردى ۋە ئۇنى ھەم باللىرىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئۆلاردىن كەچۈرۈپ سورىدى... ئاكىسى بۇ پۇللارنى ئېلىپ ئوغلىنى ياخشى داۋالاتتى. ئوغلىمۇ سەللىمازا ساقايدى.

بىر كۈنى رەمزىنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئېيتىپ رەمزىنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ دەرھال ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىپ سەجدە قىلدى. ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە تەقسىماتىغا رازى بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭمۇ ئۆزىدىن رازى بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، ئى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانلىق بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن﴾[2].

2) ئىمران، 26ـ27 ـ ئايەتلەر.

# ئىگىسىگە قايتۇرۇلغان پۇل



ناھايىتى ئەخلاقلىق، تەقۋادار، ئەمما نامرات، پەرھات ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ دىيانەتلىك بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قۇربان ھېيت يېتىپ كەلدى. ھېيتقا ئۈچ كۈن قالغان بولسىمۇ، پەرھاتنىڭ يېنىدا ھېيتلىق تەييارلىق قىلغۇدەك پۇل يوق، كۆڭلى غەش ئىدى. چۈنكى، ئۇ توي قىلىپ تۇنجى ھېيتنى كۈتۈۋالغان ئايالىنى ئوڭايسىز ھالدا قويۇشنى خالىمايتتى.



پەرھات ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئەتىسى ئەتىگەندە يالغۇز ئانىسىنى يوقلاپ باردى. ئانىسى ئوغلىنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ، نېمىشقا قايغۇرىدىغانلىقىنى سورىدى. پەرھات ئۇنىڭغا قايغۇسىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئانا ئوغلى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئالارنى قىلدى ۋە لازىم بولغاندا ئەسقېتىپ قالار دەپ

HAKSEVER

ساقلاپ قويغان ئازغىنا پۇل بار بانكا كارتىسىنى بەردى. پەرھات ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، مېھرىبان ئانا ئوغلىنىڭ ئايالىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن كارتىنى زور بىلەن قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

پەرھات پۇل ئېلىش ئۈچۈن بانكىغا باردى. بانكىدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى قىز ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. پەرھاتنىڭ نۆۋىتى كېلىپ، پوكەيگە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز پۇتىغا بىر نەرسە ئۇرۇنغاندەك قىلدى. قارىسا بىر باغلام پۇل تۇرغۇدەك. پەرھات پۇل ئۈستىگە دەسسەپلا، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي تۇرۇۋالدى.



شۇ تاپتا ئۇ نەپسىنى كۆشكۈرتۈۋاتقان شەيتان بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى... بۇ پۇلنى ئۆزۈم ئىشلىتىۋېتەيمۇ يا ئىگىسىنى تېپىپ، قايتۇرۇپ بېرەيمۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئايالىنىڭ سىماسى كەلدى. يېڭى توي قىلغان بۇ ئايالنى پۇل بولمىسا قانداقمۇ بەختلىك قىلارمەن؟ ئۇنىڭ ئالدىدا تىرىنقىمنى تاتىلاپ ئولتۇرسام، مەندەك بىر ئەر كىشىگە يارىشارمۇ؟ ھېيت كېلىۋاتسا، قانداق قىلغۇلۇق؟



پەرھات شۇلارنى ئويلاپ، بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ، ئاياغنىڭ بوغقۇچىنى چەككەن بولۇپ پۇلنى ئاستاغىنا ئالدى ـ دە، دەرھال

بانكىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ «ئەمدى ئايالىمغا نېمە سېتىۋالسام بولار؟» دېگەننى ئويلىدى. دەل شۇ چاغدا ئېسىنى يىغىپ، پۇل ئىگىسىنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇ پۇلغا ئۇ بىچارىنىڭمۇ قانچىلىك ئېھتىياجى بولغىيدى ھە! دېگەنلەرنى ئويلىدى.

پەرھات شۇ ھامان ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە دەرھال بانكىغا كىرىپ، پۇلنى بانكىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىمىغا تۇتقۇزدى. خادىم تولىمۇ خۇشال بولۇپ، پۇلنىڭ ئەسلىدە ياشانغان بىر بوۋاينىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ سەل ئىلگىرىلا پۇلنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

پەرھات ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.



ئايالى ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، يولدىشىنىڭ بۇ گۈزەل خىسلىتىنى ئالاھىدە ماختىدى:

- ئاللاھ چوقۇم ھالالدىن رىزىق بېرىدۇ، ئەڭ مۇھىمى سىز ساغلام بولسىڭىزلا، باشقا ئىشلار كېتىپ بارىدۇ، پۇل ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس.

ئايال ئەنە شۇنداق ياخشى گەپلەر بىلەن يولدىشىنىڭ روھىنى كۆتۈردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئايالىنىڭ قېرىندىشىنىڭ

يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ھەدىيەلىك بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن پەرھات ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىڭلىسىغا خېلى كۆپ پۇل تۇتقۇزۇپ:



ـ تاغىمىز تۈنۈگۈن چۈشتە دادامدىن مەجبۇرىي ئېلىۋالغان زېمىنىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، بىزدىن ئەپۇ سورىدى. بۇ پۇللار سىزنىڭ نېسىۋىڭىز، ـ دېدى.

ئايال ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يولدىشىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ـ بۇ دادام ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بولغان ئىش. تاغام دادامنىڭ بىر زېمىنىنى ساتقانلىقىغا دائىر يالغاندىن ئىسپات ئېلىۋالغاندىن كېيىن، مەزكۇر زېمىننى مەجبۇرىي تارتىۋالغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىپتۇ، ئەقلىنى تېپىپتۇ. خۇددى سىزمۇ ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەندەك، تاغاممۇ ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان پۇلنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاللاھقا شۈكرى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر نەرسىدىن ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كەچسەڭ، ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقنى نېسىپ قىلىدۇ».

پەرھات تەبەسسۇم قىلغىنىچە ئاللاھقا شۈكرى سەجدىسى قىلدى. ئاندىن ئايالىنىڭ قېرىندىشىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ،

دەرھال يالغۇز ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى. پەرھات ئانىسى بەرگەن كارتىدىن ئالغان پۇلنى ئانىسىغا شۇ پېتى قايتۇرۇپ بېرىپ:



— ئانا! سىزنىڭ دۇئايىڭىزنىڭ بەركىتى بىلەن ئاللاھ ئىشىمىزنى ئاسان قىلدى، بىزگە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بەردى، — دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى! ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئاراڭلاردىن چىققان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىرەر ئىشتا دەتالاش قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەنمۇ گۈزەلدۇر﴾[3].

3) نىسائ سۈرىسى، 58ــ59 ـ ئايەتلەر.

# ئىستىغپارنىڭ كارامىتى

پەزىلەتلىك بىر مۇسلىمە مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشتا تېخىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق. يېڭى يەڭگەن ۋاقتىمدا تۈزۈكرەك بىر نەرسە يېيەلمىگەچكە، سۈتۈم چىقماس بولۇپ قالدى. قولىمىز تولىمۇ قىسقا بولغاچقا، بوۋىقىمىزغا سۈت پاراشوكىمۇ سېتىۋالالمىدۇق. قەرزىمىز كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. بەزىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەيلا دەپ قالاتتىم. شۇنداق چاغلاردا:



ـ مەنغۇ ئۆلۈپ كېتەرمەن، بۇ بىگۇناھ بالام قانداقمۇ قىلار؟... دەيتتىم ئىچىمدە.

لېكىن، بۇ قىيىنچىلىقلار مېنىڭ ئۆزۈمنى قايتىدىن تەكشۈرۈشۈمگە تۈرتكە بولدى. ئەسلىدە مەن ئاللاھتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كېتىپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ئاللاھقا تەۋبە قىلدىم. پېقىر ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىشنى ئويلىدىم. بىراق، ئۆزىمىزمۇ

يېگۈدەك تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپالمايۋاتقاندا، قانداقمۇ سەدىقە قىلارمەن؟

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رادىيو ئاڭلاۋېتىپ، كاللامغا بىر ئوي كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئوي بىزنىڭ بەختىمىزگە يول ئاچتى. رادىيودا ئىمام يوقسۇللارغا تاماق بېرىشنىڭ بەكمۇ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىز تولىمۇ ناچار بولغاچقا، بىز سەدىقە قىلالمايتتۇق. شۇنداقتىمۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئازراق گۈرۈچ ئاچىقىپ، ئۇچار قۇشلارغا تاشلاپ بەردىم.



يەنە بىر كۈنى يولدىشىم مەسچىتتىن قايتىپ كېلىپ، ماڭا ئىمامنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە كۆپ ئىستىغفار ئېيتىشنىڭ رىزىقنى كەڭ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى:



«كىمكى دائىم ئىستىغفار ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنى بارلىق غەم - ئەندىشىلەردىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقلاردىن چىقىش يولى بېرىدۇ، ئويلىمىغان

يەردىن رىزىق بېرىدۇ» .

بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ يولدىشىمغا مۇنداق دېدىم:

ئاللاھ بىزگە ئۇچار ـ قۇشلارغا دان بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بىر ئائىلە پىروگراممىسى تۈزۈپ جەدۋەللەشتۈردۇق. قۇرئان ئوقۇش، ھەدىس ئۆگىنىش، مۆئەييەن زىكرى ۋەزىپىسى ئوقۇش قاتارلىقلار كۈندىلىك ئىشىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ، رامىزاندىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى. رامىزان كىرىپ بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئامىتىمىز كېلىشكە باشلىدى. ئارزۇ قىلغان كۈنلىرىمىزمۇ يېتىپ كەلدى. دادام ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىر دوستىغا نۇرغۇن قەرز بەرگەن ئىكەن. مانا ئەمدى دادامنىڭ دوستى



ئاشۇ پۇللارنى قايتۇرۇپ بەردى ھەتتا دادامنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، يولدىشىمنى ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە شېرىك بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ بىزگە تەرەپ ـ تەرەپتىن بەرىكەت ئىشىكلىرى ئېچىلدى. قەرزلەردىنمۇ قۇتۇلۇپ، ئاللاھقا كۆپلەپ

ھەمدۇسانا ئېيتتۇق. مەن شۇنىڭدىن تارتىپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەنلەرگە: «قۇرئاننى كۆپ ئوقۇڭ، كۆپ ئىستىغپار ئېيتىڭ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ! ئاللاھ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ» دەيدىغان بولدۇم.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ﴾[4].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. شۇڭا، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن! (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن ياشىسۇن!)﴾[5].

---

4) نۇھ سۈرىسى، 10ـ12 ـ ئايەتلەر.
5) بەقەرە سۈرىسى، 186 ـ ئايەت.

# ئىخلاس بىلەن قىلىنغان سەدىقە

ئۇۋچى ئەبۇ نەسىر ئايالى ۋە ئوغلى بىلەن ناھايىتى نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ ئاچارچىلىق ئىچىدە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەرىشان ھالدا سىرتقا چىقتى. كېتىۋېتىپ مەشھۇر تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان ئەھمەد مىسكىن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا:

- ھەزرەتلىرى! مەن بەك جاپادا قالدىم، - دېدى.

- ئارتۇق گەپنى قويۇپ، بېلىق تۇتىدىغان تورىڭنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭ! - دېدى شەيخ ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ.

ئىككىسى دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلگەندە شەيخ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:



- ئاۋۋال ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلغىن. ئاندىن «بىسمىللاھ» دەپ تورنى دېڭىزغا تاشلىغىن!

ئەبۇ نەسىر شەيخنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ دېڭىزغا تورنى تاشلاپ بىرقانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ بىر بېلىق تورغا چۈشتى. شەيخ ئەھمەد ئۇنىڭغا:



بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، بالا - چاقىلىرىڭغا يېمەكلىك ئال! - دېدى.

ئەبۇ نەسىر خۇشال بولغىنىچە بېلىقنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئىككى دانە فەتىرە سېتىۋالدى. فەتىرەنىڭ بىرى گۆشلۈك، يەنە بىرى شېكەرلىك ئىدى. ئۆيىگە قايتىۋېتىپ يولدا ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقان ئانا - بالا ئىككىيلەننى كۆرۈپ قالدى. قولىدىكى ئىككى فەتىرەگە قاراپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى:

- بۇ ئايال بالىسى بىلەن خۇددى مېنىڭ ئايال - بالىلىرىمغا ئوخشاش ئاچلىق ئازابىغا چىدىماي يىغلاۋېتىپتۇ. بۇ فەتىرەلەرنى زادى كىمگە بېرەي؟



ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغاندا ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشقا قاراپ چىداپ تۇرالماي:

- بۇنى بالىڭىز بىلەن يەڭ! - دېگىنىچە قولىدىكى ئىككى فەتىرەنى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئاچلىق ئازابىدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئايال

HAKSEVER

ناھايىتى خۇشال بولدى، ئوغلىنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى. بىراق، ئەبۇ نەسىرنىڭ بېشىغا يەنىلا غەم چۈشتى.

– ئەمدى ئايال – باللىرىمغا نېمە يېگۈزەرمەن؟ – دەيتتى كۆڭلىدە.

ئۇ شۇنداق ئەنسىز خىياللار بىلەن ئۆيىگە قايتىۋېتىپ يولدا بىرەيلەننىڭ:

– ئەبۇ نەسىرنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ كىم ماڭا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ؟ – دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

مەن سىز ئىزدەۋاتقان ئەبۇ نەسىر بولىمەن. نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ – دېدى ئەبۇ نەسىر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.



مەزكۇر كىشى مۇنداق دېدى:

– دادىڭىز ماڭا يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا قەرز بېرىپ تۇرغان ئىدى. كېيىن ئۇنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. ئاڭلىسام، ئۆلۈپ قالغان ئىكەن. ئاللاھقا شۈكرى، ئۇنىڭ بىر ۋارىسى بار دەپ ئاڭلاپ، ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى. سىزنى ئاخىر تاپتىم. بۇ دادىڭىز ماڭا ئۆز ۋاقتىدا بېرىپ تۇرغان 30 مىڭ دەرھەم. قېنى، بۇنى ئېلىڭ، ئوغلۇم!

ئەبۇ نەسىر بىردەمدىلا كاتتا بايۋەچچىگە ئايلاندى. مانا

ئەمدى ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى بولدى. چوڭ بىر تىجارەتنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىپ، نۇرغۇن پايدا ئالدى. ئۇ ئەمدى كاتتا ساخاۋەتچى بولۇپ كەتتى. ھەر يىلى كۆپ سەدىقە بېرەتتى.



ئۇ ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىش ئۈچۈن بەزىدە بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ دەرھەم سەدىقە قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بارا - بارا ئۆزىنىڭ كۆپ سەدىقە قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىشكە باشلىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ بىر چۈش كۆردى:


ئۇنىڭ ئەھمەد مىسكىنگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ چۈشىدە قىيامەتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۈندە تارازا - مىزان قويۇلۇپ، بىرى مۇنداق توۋلاپتۇ:

- ئوۋچى ئەبۇ نەسىر، بۇياققا كەل! ئۇنىڭ تەرەپتىكى سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭ، سول تەرەپتىكىسى بولسا يامانلىقلىرىڭ.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە، يامانلىقلىرى يەنە بىر تەخسىسىگە قويۇلۇپتۇ. ئەپسۇس، ئۇنىڭ يامانلىق تەخسىسى بېسىپ كېتىپتۇ. ئەبۇ نەسىر بۇنىڭدىن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ:

- مېنىڭ شۇنچە قىلغان سەدىقىلىرىم نەگە كەتتى؟ - دەپتۇ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ سەدىقىلىرى تارازىنىڭ يەنە بىر تەخسىسىگە قويۇلۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ يېنىدا قىلغان سەدىقىسىدىن پەخىرلىنىشمۇ بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى يەنە بېسىپ كېتىپتۇ. ئەبۇ نەسىر قورقۇنچتىن يىغلاشقا باشلاپتۇ:




- مەن ئەمدى قانداق قۇتۇلىمەن، زادى قانداق قۇتۇلىمەن؟

تارازىغا مەسئۇل جاكارچى بىر پەرىشتىگە:

- ئۇنىڭ باشقا ياخشىلىقلىرى بارمىكەن، قاراپ باق! - دەپتۇ.

- ئۇنىڭ ئاچلىق ئازابىدىن يىغلاۋاتقان نامرات ئانا - بالا ئىككىيلەنگە بەرگەن ئىككى دانە فەتىرەسى بار ئىكەن، - دەپتۇ پەرىشتە.


شۇنىڭ بىلەن ئىككى فەتىرە تارازىنىڭ ياخشىلىق تەخسىسىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ كەپتۇ. ئەبۇ نەسىر يەنە قورقۇشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا جاكارچى پەرىشتىگە:

- ئۇنىڭ باشقا ياخشىلىقى بارمىكەن، يەنە بىر قاراپ باققىن! - دەپتۇ. پەرىشتە:

- ئازراق بىر نەرسە بار ئىكەن، - دەپتۇ.

– ئۇ نېمە ئىكەن؟ – دەپ سوراپتۇ ئەبۇ نەسىر ھەيرانلىق بىلەن.

– ئۇ ئىككى فەترەنى بەرگەندە يىغلىغان ھېلىقى ئايالنىڭ كۆز يېشى ئىكەن، – دەپتۇ پەرىشتە.




شۇنىڭ بىلەن تارازىنىڭ ياخشىلىق تەخسىگە مەزكۇر ئايالنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ قويۇلۇپتۇ – دە، تارازىنىڭ ياخشىلىق تەخسىسى خۇددى تاش قويغاندەكلا بېسىپ كېتىپتۇ. جاكارچى پەرىشتىدىن:

– يەنە باشقا ياخشىلىقى بارمىكەن؟ – دەپ سوراپتۇ. پەرىشتە:

– ھەئە، كىچىك بالىنىڭ فەترەنى كۆرگەندىكى كۈلكىسى بار ئىكەن، – دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تارازىنىڭ ياخشىلىق تەخسىسى پۈتۈنلەي بېسىپ چۈشۈپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئەبۇ نەسىر:

– مەن قۇتۇلدۇم، ئەمدى مەن قۇتۇلدۇم! – دېگىنىچە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

ئەبۇ نەسىر بۇ چۈشىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ئۆز –

HAK HAKSEVER ھەقسۆيەر

ئۆزگە مۇنداق دېدى:

ـ ناۋادا ھېلىقى ئىككى پەتىرەنى ئۇلارغا بەرمەي، ئۆزىمىز يەۋەتكەن بولساق، مەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىكەنمەن.

ئىخلاس بىلەن قىلىنغان سەدىقىنىڭ ئاقىۋىتى نېمىدېگەن ياخشى ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ. ئۇ كۈنده مۆمىن ئەرلەرنى، مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ، (ئۇلارغا): بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر (دېيىلىدۇ). ئۇ كۈنده مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئېلىۋالايلى، دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەپ بېقىڭلار! دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرگە: بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟! دەپ توۋلايدۇ. مۆمىنلەر: شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، ئۆزۈڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەت كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن

شـەكلەندىڭلار، (ئاللاھنىـڭ رەھمىتىنىـڭ كەڭلىكىگـە بولغـان قـۇرۇق) ئـارزۇلار سـىلەرنى ئالدىـدى، تاكـى سـىلەرگە ئۆلـۈم كەلـدى، شـەيتان سـىلەرنى ئاللاھنىـڭ (ئەپـۇ قىلىدىغانلىقـى ۋە ئـازاب قىلمايدىغانلىقـى بىلـەن ئالدىـدى، دەيـدۇ﴾[6].

6) ھەدىد سۈرىسى، 10ــ14 ـ ئايەتلەر.

# يېتىمنىڭ نالىسى

ئايگۈل دەل بامدات ۋاقتىدا بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەپسۇسكى، ئۇ بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپلا قازا قىلدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا يولدىشىنى چاقىرىپ:



— مۇستافا! ئوغلۇم ساڭا ئامانەت. ئۇنى ئوبدان ئاسراپ باققىن، مەن ئۇنىڭغا بىرەلمىگەن مېھرنى سەن بەرگىن. ئۇ يېتىم بولۇپ، خارلىنىپ قالمىسۇن! ـ دەپ تاپىلىدى.

ئانىسىز قالغان ئەھمەد دادىسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ھالدا بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. بىر يىلدىن كېيىن ئەھمەدنىڭ دادىسى ئۇنى تەربىيەلەشتە ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە بىر ئايال بىلەن ئۆيلەندى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئايالمۇ بىرنى تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «رامى» قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆز ئوغلى بىلەن ئەھمەد ئارىسىدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بارا ـ بارا ئەھمەدنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئىش توپتوغرا توققۇز يىل داۋاملاشتى.



بىر كۈنى ئەھمەدنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى ۋە ئۆلۈش ئالدىدا ئايالىغا ۋەسىيەت قىلىپ:



— بالىلىرىمىزغا ئوبدان قاراڭ، ئىككىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇلار سىزدىن مېھىر - شەپقەت كۆرسۇن! — دېدى ۋە ھايال ئۆتمەيلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئايال ئەھمەد بىلەن قېرىندىشى ئارىسىدا تېخىمۇ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئەھمەدكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئۆچلۈكىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. سىرتلارغا چىقىپ بىر نەرسە ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، داۋاملىق ئەھمەدنى بۇيرۇيتتى. ئىش بولسىلا ئەھمەدنىڭ، ئەمما يېڭى كىيىم - كېچەك ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇملار ئۆز ئوغلى رامىنىڭ بولاتتى. ئايال ئەھمەدنى ھەممىدىن ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇشتىنمۇ مەھرۇم قىلىپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلايتتى، دائىم ئۇنى دۈشكەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد ئۆزىنى خار ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.



بىر كۈنى ئايال ئەھمەدنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغاندا، ئەھمەد ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئەھمەدنى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى...

كېچە قاپقاراڭغۇ، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتقان ئىدى. ئەھمەد نەگە بېرىشنى بىلەلمەي ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ياراتقان پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى:

– ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! ماڭا كۆيۈنىدىغان سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق. مېھرىبان ئانام، كۆيۈمچان دادام ياكى ئىچ ئاغرىتقۇدەك ھېچكىم يوق...

ئۇ تاكى تاڭ ئاتقۇچە شۇنداق ھەسرەتلىك نىدالار بىلەن توختىماي يول يۈردى. تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا بامدات نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە مېڭىۋاتقان بىر مويسىپىتنى ئۇچراتتى. ئەھمەد ئۇ كىشى بىلەن مەسچىتكە بېرىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك



بېرىپ، ئالاھىدە ھۆرمەتلىدى، ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ياخشى مۇئامىلە قىلدى، مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئەھمەد ھاياتىنى ئەنە

شۇنداق داۋالاشتۇرۇپ، ئاخىر دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇش پۈتتۈردى.

كۈنلەر... ئايلار... يىللار ئۆتۈپ، ئەھمەد مەشھۇر دوختۇرلاردىن بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا سېستىرا قىز كىرىپ، پۈتۈن دوختۇرلار داۋالاشقا ئامالسىز قالغان بىر ئايال بىمار بارلىقىنى، ئۇنىڭ كېسىلىنى جىددىي كۆرۈپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەھمەد دەرھال بىمارنىڭ يېنىغا كىردى. ئايال ئۇنىڭغا قاراپلا زەيىپانە ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— مېنى داۋالايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ! چۈنكى، مېنىڭ كېسىلىمنى ھېچكىم داۋالىيالمايدۇ. بۇ كېسەل مېنىڭ گۇناھلىرىم تۈپەيلى بولغان. مېنىڭ بىر ئۆگەي بالام بار ئىدى. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭغا ياخشى قارىمىدىم، دۈشكەللىدىم ھەتتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، دادىسىنىڭ مىراسىدىنمۇ مەھرۇم قىلدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىدى. كېيىن مەن ئۇنى شۇنچە ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئوغلۇم ئەھمەد! سەن زادى قەيەردە؟ ئوغلۇم ئەھمەد! سەن زادى قەيەردە؟ كاشكى مېنىڭ ھالىمنى بىلسەڭچۇ! مەن ساڭا داداڭنىڭ مىراسىنى ساقلاپ قويغان ئىدىم. ھەي ئەھمەدىم... ھەي ئەھمەدىم...



ئايال شۇنداق دېگىنىچە توختىماي يىغلايتتى. دوختۇر ئەھمەد بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىمار ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

مەن سىزنىڭ ئاشۇ ئۆگەي ئوغلىڭىز، رامىنىڭ قېرىندىشى ئەھمەد بولىمەن. ئاللاھ گۇناھىڭىزنى كەچۈرسۇن! ئەسلىدە مەن سىزدىن ئانامدىن ئېرىشەلمىگەن مېھىر ـ شەپقەتنى ئىزدىگەن ئىدىم، لېكىن سىز لەنىتى شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىڭىز. خەير، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن! مەن سىزنى كەچۈردۈم، ئاللاھمۇ سىزنى كەچۈرسۇن!

بۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدە ئەھمەدنىڭ دېگەنلىرىنى تىڭشاپ تۇرۇۋاتقان رامى يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئەھمەد بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

ـ مېنى كەچۈرگىن قېرىندىشىم، مېنى كەچۈرگىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن بېرى ئائىلىمىزدە ھېچقاچان خۇشاللىق بولۇپ باقمىدى. سېنى بىرقانچە يىل ئىزدەپمۇ باقتۇق، ئەمما تاپالمىدۇق. ئاللاھقا شۈكرىكى، مانا ئەمدى كۆرۈشتۇق. مېنى كەچۈر قېرىندىشىم...



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ

بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[7].

---

7) ئەنئام سۈرىسى، 152 ـ ئايەت.

# يېتىملارنىڭ كاپالىتى جەننەتنىڭ بىشارىتى

قىرىق ياشلار چامىسىدا بىر ئايال بار ئىدى. ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق، ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۆت بالىسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئەكېلىپ دىگەندەك بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر كۈنى چۈشتە قوياشنىڭ قىزىق ھارارىتى ئاستىدا بالىلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپ، بالىلار دەرستىن چۈشكەندە ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى خېلىلا ئۇزاق بولۇپ، ئايال بالىلىرىنى ئاسراپ، تا ئۆيگە بارغۇچە بالىلارنىڭ سومكىلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈۋالاتتى. ئۇلارغا چۈشلۈك تاماق يېگۈزگەندىن كېيىن، يەنە مەكتەپكە ئاپىراتتى. تاكى سائەت تۆتكىچە بالىلىرىنى ساقلىغاچ شۇ يەردە قۇرئان ئوقۇيتتى.





ئۇلارنىڭ ئۆيى مەكتەپتىن خېلىلا يىراق بولغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپتوبۇستا ئاپىرىپ، ئەكېلىدىغان بولدى. ئۇ بۇ ئىشتىن ئەسلا ۋاز كەچمىدى، زېرىكمىدى. ئۇ بالىلىرىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى.

شۇڭلاشقا ئۇ بارا - بارا پۈتۈن مەكتەپتىكىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كىچىك بالىسى داۋاملىق ئانىسىنىڭمۇ دەرسكە قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئايال بالىسىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، سىنىپنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇغاچ دەرس ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى باللارغا ئىلھام بېرەتتى.



مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانا دېرىزىسى ئايال ئولتۇرغان تەرەپكە قارايدىغان بولۇپ، مۇدىر ئۇنى پات - پات كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ شۇنچىۋالا سەۋرچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، چەكسىز مەمنۇن بولاتتى.

ئايال مەكتەپتە بالىلىرىنى ساقلاپ تۇرغان چاغلاردىمۇ ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، داۋاملىق قۇرئان ئوقۇيتتى؛ ناماز ۋاقتى كەلسە، مەكتەپنىڭ مەسچىتىگە كىرىپ، ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى ئايالنى مەكتەپنىڭ مۇدىرى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

- مەكتىپىمىز سىزنى بۇ يىل مەكتەپ بويىچە نەمۇنىلىك ئانا قىلىپ تاللىدى، - دېدى.

ئايال بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران قالدى.

ــ مەن... مەنمۇ؟...

ــ شۇنداق، سىز. سىز شەھىرىمىزدە ئەڭ نەمۇنىلىك ئايال بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى. مۇدىر ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

ــ نېمىشقا يىغلايسىز؟ بىزنىڭ سىزنى نەمۇنىلىك ئايال قىلىپ تاللىغىنىمىزغا خۇشال بولمايۋاتامسىز يە؟ ــ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە خۇشال بولدۇم، بەلكى خۇشاللىقتىن ھوشۇمدىن كېتەيلا دەپ قالدىم. لېكىن، مەن بۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئانىسى ئەمەس. شۇڭا، مەن «نەمۇنىلىك ئانا» دېگەن نامغا لايىق ئەمەسمەن. ئۇلارنىڭ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن. مەن بۇ بالىلارنىڭ ئۆگەي ئانىسى. مېنىڭ ئۆز پەرزەنتىم يوق. بىراق، بۇ بالىلار مېنىڭ پەخرىم،



پەرزەنتىم، بارلىقىم. مەن ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. ناۋادا ئۆز بالىلىرىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى بۇ بالىلارنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى.

ئايال شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ياشلىرىنى سۈرتكەچ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇدىرغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ مەن راستتىنلا نەمۇنىلىك ئانا بولۇشقا لايىقمۇ؟ مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە جەننەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغۇچىلار بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن بولىمىز» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن ئىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇدىر قۇلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. ئايالنىڭ سۆزلىرى بەكمۇ تەسىرلىك ئىدى. مۇدىرنىڭ قەلبى تىترىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

ـ سىز ئادەتتىكى بىر ئايال ئەمەس، بەلكى پەرىشتە ئىكەنسىز، ـ دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[8].

8) نەھل سۈرىسى، 97 ـ ئايەت.

# مەخپىي سەدىقە

ھاجى مۇستافا ناھايىتى ياخشى، تەقۋادار بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ بۇ يىل ئەللىك ياشقا كىرگەن بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي ياشىدى. ئادالەتپەرۋەر بولۇپ، داۋاملىق راست سۆزلەيتتى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى. ئىنتايىن مەرد ھەم ئاق كۆڭۈل بولۇپ، كۆرگەن - بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى قوشنا كەنتتىكى دوستلىرىدىن بىرى ئۇنى قىزىنىڭ توي مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ كەچ كىرگەندە تويدىن قايتىۋېتىپ يولدا بىر لۈكچەكنىڭ ئاجىز بىر بىچارىنىڭ بويىنىنى سىقىپ تۇرۇپ، پىچاق تىقىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇپ قالدى ۋە بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.



ئەپسۇسكى، مەزكۇر لۈكچەك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ جىيەنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ:

- ئەگەر گۇۋاھلىقىڭدىن يېنىۋالمىساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى

كۆرسىتىمەن، ــ دېدى.

بىراق، ھەقىقەتپەرۋەر مۇستافا ئۇنىڭ تەھدىتلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، گۇۋاھلىقىنى قايتۇرۇۋالمىدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۆيىگە ساقچىلار بېسىپ كىرىپ، ئۇنى مەلۇم بىر ئوغرىلىق جىنايىتىگە چېتىپ قولغا ئالدى. بۇ ئىشنىڭ ھېلىقى ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئويدۇرغان ساختا جىنايەت ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.



بىرىنچى كۈنى ساقچى باشلىقى گۇندىپايغا تاكى جىيەنى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقىنى قايتۇرۇۋالغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق يېمەك ـ ئىچمەك بەرمەسلىكنى تاپىلىدى. ئىككىنچى كۈنى مۇستافا ئاچلىققا چىدىغان بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماي قالدى. ئۇ كامېر ئىچىدە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىۋاتقان بىر پەيتتە نامەلۇم بىر قول ئۇنىڭغا مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇزاتتى. مۇستاپا سۇنى قولىغا ئالدى ـ دە، دەرھال ئىچىپ، ئىستاكاننى قايتۇرۇپ بەردى. سۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشى «ھېچكىمگە تىنما!» دېگەندەك



ئېغىزىغا ئىشارەت قىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بىراق، مۇستاپا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھاۋالىنىشقا چىقىرىلغاندا ھېلىقى كىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە گۇندىپاي ئىدى.



مۇستافا ئۇنىڭدىن نېمىشقا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆزىگە ئۇسسۇلۇق بەرگەنلىكىنى سورىدى. گۇندىپاي:

– سىز مېنى تونۇمايسىز. لېكىن، مەن سىزنى تونۇيمەن. بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن سىز بىزنىڭ مەھەللىگە سەھىيە قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىڭىز. دەل شۇ چاغدا بىزنىڭ بىردىنبىر كىرىم مەنبەيىمىز بولغان يالغۇز سېغىن كالىمىز ئۆلۈپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدا ئانام چۇقان – سۈرەن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. سىز ئانامنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيىمىزگە كىردىڭىز ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بىزگە بىر كالا سېتىۋالغۇدەك پۇل



چېكى بەردىڭىز. سىز بىزنى خىجالەتتە قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆيىمىزگە قايتا كەلمىدىڭىز. سىز بەرگەن شۇ پۇلغا سېتىۋالغان سېغىن كالا بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىز ناھايىتى ياخشىلانغان ئىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇستافا تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەقىقەتەن راست ئېيتقان ئىكەن:

«مەخپىي قىلىنغان سەدىقە ئاللاھنىڭ غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ، خەير - ساخاۋەتلەر يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ» .

ئەتىسى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش يۈز بەردى.



ھېلىقى گۇندىپاي مەركىزىي بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە بېرىپ ساقچى باشلىقىنىڭ ھاجى مۇستاپاغا تۆھمەت قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسلىدە بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى دەلىل - پاكىتلار بىلەن مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زالىم ساقچى باشلىقى خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، مۇۋاپىق جازا بېرىلدى. ھاجى مۇستاپا بولسا ئاقلىنىپ، قويۇپ بېرىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانى دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن) ئارتۇقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.

ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴿[9].

9) نەھل سۈرىسى، 95ــ97 ـ ئايەتلەر.

# ئۆلۈمدىن قايتقان ئانا

يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ، نارەسىدە ئىككى بالىسى بىلەن تۇل قالغان ئامىنە ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى. ئامىنە ئىككى بالىسىنى بېقىش ئۈچۈن مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا سېستىرا بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بالىلىرىنى ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئىلغار سەۋىيەدە تەربىيەلەشكە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشتى. چوڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى. كىچىك ئوغلى بولسا ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئامىنە بۇ جەرياندا بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، بۇ گەپنى ئۆيدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر شەھەرگە چىقىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان چوڭ ئوغلىدىن باشقا ھېچكىمگە دېمىدى.



چوڭ ئوغۇل ناھايىتى ئەخلاقلىق، تەقۋادار ھەم ۋاپادار بالا بولغان ئىدى. ئۇ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۆيىنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ يولغا راۋان بولدى. دەرۋەقە، ئۇ ناھايىتى جاپالىق ئىشلەپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆيىنى قايتۇرۇپ ئالدى. ئامىنە بۇ ئۆيىنى كىچىك ئوغلىغا ئېيتمايلا، چوڭ ئوغلىنىڭ نامىدا ئەنگە ئالدۇردى. بۇ چاغدا

كىچىك ئوغلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئانىسىغا مەسلىھەتمۇ سالماي تويى قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

بۇ مەزگىلدە ئامىنە قەنت كېسەللىكگە گىرىپتار بولۇپ، ئالاھىدە كۈتۈنۈشكە موھتاج بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى يىللاردىن بېرى قىلىپ كەلگەن خىزمىتىنى تاشلاپ، كىچىك ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بىر ئۆيدە تۇردى. بىراق، ئەر - ئايال ئىككىسى ئانىسىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇلار ئامىنەنى كونا بىر ھۇجرىغا يۆتكەپ قويدى. بىچارە ئامىنە بۇ ئىشتىن ناھايىتى خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئوغلىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ھەتتا قوپاللىق بىلەن:



— ساڭا بۇنىڭدىن باشقا يەر يوق، — دەپ سىلكىشلىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن قوشنا ئايال ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئامىنەنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئاچىقىپ، ئالاھىدە بېزەلگەن بىر ھۇجرىدا ياتقۇزدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كىچىك ئوغۇل مەھەللىدە يامان ئاتاققا قېلىشتىن قورقۇپ، قوشنىسىغا تەھدىت سېلىپ، ناۋادا ئانىسىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، مەھكىمىگە ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئاچىقىپ، ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، كىچىك ئوغۇل ئانىسى بىلەن يا تېلېفوندا، يا يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ باقمىدى. ئانىسى تېلېفون قىلسىمۇ جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىنە



چوڭ ئوغلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ۋاپادار چوڭ ئوغۇل ئۆزىنىڭ ئۈچ ئايغىچە قا يتا لما يد ىغا نلىقىنى ، لېكىن دوستلىرىغا پۇل ئەۋەتىپ، مەخسۇس بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، ئانىسىنى شۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئامىنە چوڭ ئوغلىدىن بەكمۇ رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ دۇئا قىلدى، كىچىك ئوغلىغىمۇ ئاللاھتىن ھىدايەت تىلىدى. ئامىنە چوڭ ئوغلى سېتىۋالغان ئۆيگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولۇپ، ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا مۇدىرغا:

ـ سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ناۋادا كىچىك ئوغلۇم كېلىپ، مېنى سوراپ قالسا، ئۆلۈپ كەتتى دەپلا قويغان بولسىڭىز، ـ دېدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ كىچىك ئوغۇل ئانىسىغا تېلېفون قىلغان چاغلاردىمۇ، ئانىسى قەتئىي تېلېفوننى ئالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىن ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى

ئۇقتۇرۇلدى. ئانىسىنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتقان كىچىك ئوغۇل ئەمدىلىكتە ئۆتمۈشتىكى كۈنلەرنى ئەسلەپ يىغلاشقا باشلىدى...



... ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا ئانىمىز تالاي قېتىم بىزنىڭ قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ، ئۆزى ئاچ قالغان ئەمەسمىدى؟! بىزلەرنى دەپ ئېغىر جاپالارنى تارتىپ، نەچچە قېتىم ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئەمەسمىدى؟!...

كىچىك ئوغۇل ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى پۈتۈن ئوڭۇشسىزلىقلىرى ۋە نامراتلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىنىڭ ئانىسىنى تاشلاپ، خورلىغانلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

چوڭ ئوغۇل سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا، بۇ ئۆينىڭ ئۆز نامىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇكىسىغا ئائىلىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى ئېيتتى. كىچىك ئوغۇل قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئانىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشقا سەۋەبچى بولغان ئائىلىنى قويۇۋەتمەكچى بولدى - يۇ،



بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، ئۇ ھامىلىدار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلغان بولۇپ، قېيىنئانىسىغا قىلغىنىدىن ئۆكۈنۈپ ياش تۆكەتتى:

ـ ناۋادا ئانىمىز قايتىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، بىر ئۆمۈر خىزمىتىدە بولغان بولاتتىم، ـ دەيتتى.

چوڭ ئوغۇل ئىنىسى ۋە ئايالىنىڭ ئۆزگىرىپ، قىلمىشلىرىغا ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلغانلىقىنى؛ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق دىنىي ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئانىسىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى ھەمدە يېڭى سېتىۋالغان ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

كىچىك ئوغۇل ئانىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قۇچاقلاپ، پۇتلىرىغا سۆيمەكچى بولدى. ئانىمۇ كىچىك ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى. كېلىنىمۇ ناھايىتى خۇشال بولغان بولۇپ، ئانىسىنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى

بىلدۈرىدىغان شۈنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، دېگىن﴿[10].

10) ئىسرائ سۈرىسى، 23ـ24 ـ ئايەتلەر.

# ئۆزگىچە دەۋەت ئۇسۇلى

ھەمزە نامرات، ئەمما ناھايىتى قانائەتچان، تەقۋادار يىگىت ئىدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى لاياقەتلىك پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، مەلۇم بىرەيلەننىڭ تاكسىسىنى ھەيدەپ، كىراكەشلىك قىلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتى ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولغاچقا، تاكسىچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە بارغانلىكى يەردە باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر چارە ئويلاپ تاپتى: ئۇ غوجايىندىن ماشىنىسىنى ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تۆت سائەت نورمال باھانىڭ يېرىمىغا ئىجارە بېرىشىنى ۋە بۇ تۆت سائەت جەريانىدا ماشىنىنىڭ كەينى تەرەپتىكى ئىشىكىنىڭ ئەينىكىگە ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە قىلىپ مۇنۇ خەتلەرنى چاپلاپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندى:

«ئەگەر سىز ئىسلامنى چۈشىنەي دېسىڭىز، پەقەت قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ، مېنى توختاتسىڭىزلا بولىدۇ».

غوجايىنمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. ھەمزە تۈنجى كۈنى ماشىنا ھەيدەۋاتقاندا، چەتئەللىك بىر يىگىت ئۇنى توستى. يىگىتنىڭ يېنىدا بىر قىز بار ئىدى.

– مەن ئىسلامنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشنى خالايمەن، – دېدى يىگىت ماشىنىغا چىقىپلا.

ھەمزە ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى

بىلدۈردى ۋە ماشىنىنىڭ كەينى قاپقىقىنى ئاچتى. بۇ يەر تۆت بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىر بۆلىكىدە ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار ۋە ئون - ئون لېنتىلىرى بار ئىدى. ھەمزە ئۇنىڭغا ئۆز تىلىدىكى ئون - ئون بۇيۇملىرى ۋە كىتابلاردىن بىر نۇسخا بەردى.

ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا، يەنە ئانىسىنى يېتىلەپ ماڭغان بىر ياش ماشىنىنى توسۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئانىسى كېسەل ئازابىدىن ۋايجانلاپ مېڭىۋاتاتتى. ھەمزە دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئوغلىغا ياردەملىشىپ ئۇنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازىۋەن ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بىرەيلەن كىرىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتىن بىرنى ئېلىپ چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغۇل ماشىنىدىن ئالدىراپلا چۈشۈپ، ئانىسى ئۈچۈن چاقلىق ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ھەمزە كېسەل ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان ئايالنى گەپكە سالدى. ئايالنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ھەمزە ئۇنىڭغا قاراپ ئەجىلىنىڭ ناھايىتى يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

- سىز ھازىر مېنىڭ دېگەنلىرىمنى تەكرارلاڭ: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن».

ئايال ھەمزىگە ئەگىشىپ بۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدى ۋە ھەمزىگە قارىغىنىچە، تەبەسسۇم قىلغان پېتى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

ھەمزە ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، بۇ ئايال ئىككى شاھادەتنى ئېيتىپ، ئىسلام بىلەن دۇنيادىن كەتتى» دېدى.

ئانىسى جان ئۈزگەندىن كېيىن ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئوغۇل بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. ھەمزە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ـ ئۆلمەسلىك ئاللاھقا خاستۇر، قېرىندىشىم! ئانىڭىز ۋاپات بولدى. بىراق، سىزگە بىر خۇش خەۋىرىم بار. ئانىڭىزغا ئىككى شاھادەتنى ئۆگەتكەن ئىدىم، ئۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ناھايىتى راۋان تەلەپپۇزدا ئېيتىپ ۋاپات بولدى، ـ دېدى.

ئوغۇل ھەمزىگە غەزەپ بىلەن قارىدى ـ دە، يۈزىگە بىر كاچات سېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ ئانام بىر خىرىستىيان، مەنمۇ خىرىستىيان. سەن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپسەن. ئانام 40 يىلدىن بېرى مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكىلى قويمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپتۇ ئەمەسمۇ؟! ھەي ئېسىت...

ھەمزە ئەتىسى ئۇ ئايالنىڭ كەچمىشى ھەققىدە ئىزدەندى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ بولغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە تولۇق قايىل بولۇپ، ئىسلامىي ھايات بويىچە ياشاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ھەتتا كېسەلدىن ساقايغاندا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ

ئاشكارا ئېلان قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ سالىھ ئەمەللەرنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ). سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر، مەخلۇقاتلىرىدۇر). ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾[11].

---

11) نىسائ سۈرىسى، 126 ـ ئايەت.

# ئۆز قىزىدىن ۋاز كەچكەن پويىز خادىمى

ئۆزى نامرات بولسىمۇ، ناھايىتى ئەخلاقلىق، تەقۋادار بىر خادىم بار ئىدى. ئۇ پويىز لىنىيەسىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئۆتەيتتى. ئۆز كەسپىگە ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، قاتتىق ئېھتىياتچانلىق ۋە ئامانەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ئازراقلا بىخەستىلىك قىلىپ قويسا، بەزىدە ئىككى پويىز ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىپ، كۆلتۈلمىگەن ئېغىر ھادىسىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بىرەتتى:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىش قىلغاندا ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ».



ئۇنىڭ ئۆيى پويىز لىنىيەسى ئالمىشىدىغان يەرگە توغرا كېلەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بامدات نامىزىدىن قايتىپ كىرىپ ئايالىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى كۆردى. بىراق، ئۇنىڭ ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئاپارغۇدەك پۇلى يوق ئىدى. شۇنىڭ

بىلەن ئەر ئايالغا ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىچكۈزدى ۋە شىپا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، كېسەلگە شىپالىق تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى.

ئۇلارنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىككى پەرزەنتى بار بولۇپ، ئانىسىغا يۆلەك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزى كۆڭۈل بۆلەتتى، ئوغلى يادلىغان ئايەتلەرنى تىڭشاپ بېرەتتى ۋە ئۇلارغا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.



بىر كۈنى ئۇ باللارغا ناشتىلىق تەييارلاۋاتقاندا قىزى مۈشۈكنى قوغلاپ تۆمۈر يولغا چىقىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا بىر پويىز ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن دادا قىزىنى يولدىن تارتىۋالاي دېسىمۇ، ۋاقىت يېتىشمەيتتى. ئۇ قېيىن بىر تاللاشقا دۇچ كېلىپ، پويىزنىڭ لىنىيە ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى قايسى تەرەپكە بېسىشنى بىلەلمەيلا قالدى. پويىز لىنىيەسىنى يەنە بىر يولغا بۇراپلا قويسا، قىزى قۇتۇلۇپ قالاتتى، لېكىن قارشى تەرەپتىن كېلىدىغان پويىز بىلەن سوقۇشۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. پويىزنى ئۆز لىنىيەسىدە قويسا، قىزى كۆز ئالدىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىر كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ قۇيۇلغان ھالدا، ئۆز قىزىنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە نەچچە يۈزلىگەن جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش

ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپلا كۇنۇپكىنى باستى. كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاجايىپ ئازابلىق خىياللارنى سۈردى. پويىز ئاستىدا ئېزىلىپ كەتكەن قىزىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈشنى خالىماي، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. پويىز ئۆتۈپ كەتكەندە ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئويلىمىغان يەردىن قىزى كۆز ئالدىدا ساق - سالامەت تۇراتتى. ئۇ قىزىنى قۇچاقلىغىنىچە خۇشاللىقتىن يىغلاپ كەتتى.



قىزىم پويىز ئاستىدىن قانداق ساق چىققاندۇ؟ بۇ مۆجىزە قانداق يۈز بەرگەندۇ؟

ئەسلىدە پويىز ئېلىپ كەلگەن كۈچلۈك شامال رېلىسقا يېقىنلىشىپ قالغان كىچىك قىزنى كەينىگە ئۆرۈۋەتكەن بولۇپ، قىز ئىككى رېلىس ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە قاڭقىپ چۈشۈپ ساق قالغان ئىكەن. ئۇلار شۇنداق تۇرغان پەيتتە ئاغرىپ ياتقان ئايالى قانداقتۇر بىر خەتەرنى كۆڭلى تۇيغاندەك، ئۇلارنىڭ يېنىغا يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئوغلى بولسا سىڭلىسىنىڭ ساق قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. دادا ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكرى قىلىپ بېشىنى سەجدىگە قويدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە ئۆز قىزىنىڭ جېنى بەدىلىگە مىڭلىغان جاننى ساقلاپ قېلىش يولىنى تاللىغان بۇ ئالىيجاناپ كىشىنى تەقدىرلەشتى. ھۆكۈمەتمۇ

ئۇنىڭ بۇ مىسلىسىز پىداكارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئاللاھىدە تارتۇقلىدى، يۇقىرى خىزمەت ۋە يۇقىرى مائاش بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ خۇشال - خۇرام ياشىدى.


ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ئىشىنى چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[12].

12) تالاق سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

# ئوغلۇم، ئىشقنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن!

ئابدۇللاھ ئىسىملىك، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ناھايىتى تىرىشچان بىر يىگىت بار ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى نامرات بولسىمۇ، ئۆزى تولىمۇ قانائەتچان، تەقۋادار بولۇپ، دادىسى مەھمۇد مەھەللە مەسچىتىنىڭ مۇئەززىنى ئىدى.

مەھمۇد ئوغلىنى تەربىيەلەشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئوغلى ئالىي مەكتەپتە ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا يۇقىرى ئىقتىدارلىق ھاۋا ساپلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرسەتتى.



ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللاھنى كۆپ ماختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەشپىياتىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ، كۆپ مىقداردا ماددىي مۇكاپات ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى ھەمدە ئۇنى ياۋروپادىكى ئىلغار مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تەخمىنەن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەزكۇر كەشپىياتىنى ئۆز نامىدا ئەنگە ئالدۇرۇۋالغانلىقىنى بىلىپ، چۆچۈپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئوقۇتقۇچىسىغا نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقى توغرۇلۇق مالامەت

قىلغانىدا، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى دەرھال مەكتەپتىن قوغلاپ چىقاردى، يەنە ئۇنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ تامغا بىسىۋەتتى.


چارىسىز قالغان ئابدۇللاھ ئوقۇتقۇچىسىنى قارغاپ، لەنەت ئوقۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوقۇتقۇچىغا ئائىلىسىدە بىر تالاي مۇسىبەتلەر كەلدى. لېكىن، ئابدۇللاھ بۇ ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىش قارارىغا كەلدى.



ئابدۇللاھ بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماشىنىسىدىن قول كومپيۇتېرىنى ئوغرىلىۋالدى. كومپيۇتېردا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئون نەچچە يىللاردىن بېرى تەييارلىغان ماقالىلىرى، يازغان كىتابلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىلىرى بار ئىدى. ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كۆتۈرەلەيدىغانلىكى قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئابدۇللاھ ئۆيدە ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغان ئىككى مېيىپ بالىنى بىقىۋاتقان بىر قىزنى كۆردى. ئىككى بالا بىلەن ھېلىقى قىز



ئابدۇللاھنىڭ ئۆزگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن يىغلاپ، يالۋۇرۇپ قولىدىكى شاكىلاتلارنى ئۇنىڭغا تەڭلەۋاتاتتى. بۇنى



كۆرگەن ئابدۇللاھ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆيدىن ھېچنېمە ئالماي چىقىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئايالىنىڭ ماشىنىسىدىن بىر فوتو ئاپپاراتى ئوغرىلىدى. لېكىن، ئاپپاراتتىكى سۈرەتلەردىن ئۇ ئايالنىڭ راك كېسىلى ئىكەنلىكىنى، بۇ كامېرا ئارقىلىق ئۆزىنى پات - پات رەسىمگە تارتىپ، مېيىپ ئىككى بالىسى ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاپپاراتنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويىدى.



ئابدۇللاھ ئۆزگە بولغان ئۇۋالچىلىقلاردىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلىغان پېتى دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

مېھرىبان دادا ئوغلىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئەيىبلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەردى:

«كىمكى ئاچچىقىنى يۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ، خالىسا ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا كۈچى يېتىدىغان

تۇرۇپ، ئاچچىقىنى يۇتالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا تولدۇرىدۇ».

دادا ئوغلىغا ئوقۇتقۇچىسىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى، ئۇنىڭدىن ئوغرىلىۋالغان ھېلىقى كومپيۇتېرنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشىنى ۋە بۇ ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، كومپيۇتېرنى قايتۇرۇپ بەردى.



ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى يىگىتنىڭ ناھايىتى ئەدەپلىك، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قارارىدىن يانغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قايتا ئىمتىھانغا قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئەتىسى پۈتۈن مەكتەپتىكىلەرگە مەزكۇر كەشپىياتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ مۇشۇ يىگىت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى

(دەھشەتتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەرنى ئازاب كېلىدىغان كۈندىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى، دېيىشىدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ). ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ!). ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق). ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى تالقان قىلىۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر﴾[13].

13) ئىبراھىم سۈرىسى، 42_47 ـ ئايەتلەر.

# ئوت ئىچىدە قالغان بوۋاق

مەلۇم بىر ئائىلىلىكلەر بىناسى بولۇپ، بىنا ئاستىدا نەرسە ـ كېرەك ئامبىرى بار ئىدى.

كېچە...



پاتىمە تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋىقىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى كىچىك قىزى ۋە ياشانغان ئانىسى شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان ئىدى... يولدىشى بولسا تىرىكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى.



پاتىمە تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن چۇقان ـ سۈرەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. بىنانىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى ھە دەپ بىناغا ياماشماقتا ئىدى. ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى دېرىزىلەرگە شوتا قويۇپ بېرىپ:

ـ دەرھال ئۆينى تاشلاپ، چىقىپ كېتىڭلار! ـ دەپ توۋلاۋاتاتتى.

پاتىمە دەرھال ئىككى بالىسىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئۆگزىگە

چىقىرىۋەتتى. بوۋاق چىرقىراپ يىغلىماقتا ئىدى. پاتىمە ھەرىكەتتىن قالغان ئانىسىنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى.



ئوت يالقۇنلىرى دېرىزىگە ياماشماقتا ئىدى. پاتىمە ئانامنى بالدۇر قۇتقۇزايمۇ ياكى بالامنىمۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى...

پاتىمە ئاخىر ئانىسىنى بالدۇر ئۆگزىگە ئاچىقىۋېتىپ، ئاندىن بالىسىنى قۇتقۇزۇشنى قارار قىلدى ـ دە، بوۋاققا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ياشلىرىنى تۇتالمىغان ھالدا ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە ئېلىپ ماڭدى.



ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (ھەممىنى) بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾[14].

پاتىمە ئانىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆگزىگە ئاچىقىۋېتىپ، قايتىپ

14) تەۋبە سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.

كىرىپ بولغۇچە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئوت تۇتۇشۇپ



بولغان ئىدى. ھەممەيلەن ئوت ئىچىدە قالغان بوۋاقنى ئويلاپ يىغلاشقا باشلىدى...

ئاخىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئوتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆچۈرۈۋالدى. بىچارە پاتىمەدىن باشقا ھەممەيلەن خۇشال بولۇشۇپ، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈردى. شۇنداق تۇرغان پەيتتە قۇتقۇزۇش خادىمى بىر بوۋاقنىڭ ھايات قالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.



بوۋىقىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرگەن پاتىمەنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى.

بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ بەس ـ بەستە: «مانا بۇ ئانىغا ۋاپادارلىق قىلغانىنىڭ مۇكاپاتى، مانا بۇ ئانىغا ياخشىلىق قىلغانىنىڭ پايدىسى!» دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا: «ئوھوي» دېمىگىن (يەنى

مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[15].

15) ئىسرائ سۈرىسى، 23ــ25 ـ ئايەتلەر.

# ياۋروپالىق قىزنىڭ توي تەكلىپى

ياۋروپالىق مەلۇم بىر غوجايىنىنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر مۇسۇلمان ئىنژېنېر يىگىت بولۇپ، بۇ زاۋۇتتا دادىسىغا ياردەملىشىدىغان چىرايلىق بىر قىزمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە بىر يىل ئىشلەش جەريانىدا يىگىتنىڭ قىزغا مېھرى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتىگە كەلدى. قىزمۇ يىگىتنىڭ تىرىشچان، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى ۋە ئۇنى پات - پات ماختاپ قوياتتى.



HAKSEVER

يىگىت دادىسىغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇ قىزنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشنى قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. يىگىت دادىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن:

- ناۋادا قىز ئىسلام دىنىغا كىرسە، ئۇنىڭ بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كېلىشىنى قوبۇل قىلامسىز؟ - دېدى.

- ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن، - دېدى دادا ھېچ ئىككىلەنمەيلا.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت قىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويدى ۋە بۇ توينىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان

بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىم قاتارلىق ئۇن نەچچە پارچە ئىسلامغا ئائىت ئىنگلىزچە كىتابلارنى بەردى.



قىز كىتابلارنى ئوقۇپ، بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن يىگىتتىن تۆت ئاي مۆھلەت سورىدى. تۆت ئايدىن كېيىن ئۇلار قايتا ئۇچراشتى. مۇسۇلمانچە كىيىنگەن قىزنى كۆرگەن يىگىت خۇشاللىقتىن ئۇچۇپ كېتەيلا دەپ قالدى. قىز ئاللىبۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بىراق، يىگىت قىزنىڭ شۇ چاغدا مۇنداق دېيىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى:

— توغرا، مەن ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قۇرئان كەرىمنىڭ توغرا يولغا باشلايدىغان، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدۇم. ئەمما، مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولۇشىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، چۈنكى مەن سىزدە مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى تاپالمايۋاتىمەن. مەن ئۆتكەنكى تۆت ئايدا نۇرغۇن كىتابلارنى



ئوقۇپ، ئىسلام بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقتىم. نامازغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بىلدىم. بىراق، سىز باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە

ئوخشاش نامازلارنى مەسچىتكە چىقىپ، جامائەت بىلەن ۋاقتىدا ئوقۇماي، مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىسىز. زاۋۇتتىكى ئىشچىلاردىن بىرى ئالاھىدە قىيىنچىلىقتا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم توپلىغان ۋاقتىمىزدا سىزنىڭ سەدىقە قىلغىنىڭىزنى كۆرمىدىم. بوش ۋاقىتلىرىڭىزدا باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقىڭىزنى كۆرمىدىم. دىن توغرىسىدا خېلى مەلۇماتىڭىز بار ئىكەن - يۇ، بىرەر ئايەت ياكى ھەدىسنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ قويغىنىڭىزنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ھەتتا سىز مەندىن مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىڭىزدىمۇ، بۇنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مەن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈنلا قىلدىڭىز.



مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسىنى ئوقۇدۇم: «سىلەرگە دىن ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مەمنۇن بولىدىغان بىرى قىزىڭلارنى سوراپ كەلسە، ئۇنىڭغا قىزىڭلارنى تويلاپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، زېمىندا چوڭ پىتنە - پاسات يۈز بېرىدۇ».

مېنىڭچە، سىز گەرچە مۇسۇلمان بولسىڭىزمۇ، ئىسلامىي ھاياتتىن بەكلا ئۇزاقلىشىپ كېتىپسىز.

ئەمدىلا مۇسۇلمان بولغان قىزدىن بۇنداق سۆزلەرنى

ئاڭلىغان يىگىتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى سەۋەبلىك ئاللاھنى تونۇپ مۇسۇلمان بولغان قىزنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن ئۇز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلماقتا ئىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورىدى، خاتالىقلىرى ئۈچۈن چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئەھدە قىلدى.

شۇ چاغدا قىز ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ سىز مېنىڭ بۇ ئۇلۇغ دىنغا كىرىپ، مۇسۇلمان بولۇشۇمغا سەۋەبچى بولغان ئىدىڭىز. ئەمدىلىكتە مەن سىزنى دىنىمىزنىڭ ياردەمچىسى بولۇشىڭىز ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىمانغا چاقىرىۋاتىمەن. ئەمدى سىز ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان ھالدا ماڭا قايتىدىن توي تەكلىپى قويسىڭىز بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى


كۆرەتتىنىڭ. بىز بۇ مىسالالارنى كىشىلەرگە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئۈستىدە) ئويلانسۇن دەپ بايان قىلىمىز. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى ھەم ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانىدىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلىرىنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بەرگۈچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[16].

16) ھەشر سۈرىسى، 18ـ24 ـ ئايەت.

# خاتا چۈشىنىش



بىر جۈپ قىز ـ يىگىت توي قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇماققىنا بىر ئوغۇل پەرزەنتى بولدى. بالا بەش ياشقا كىرگەندە ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن دېڭىز ساياھىتى قىلماقچى بولۇپ، بالىنى چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ ماڭدى. ئىككىسى كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن كېمىدىن چاتاق چىقىپ سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى. كېمىدە پەقەت بىر كىشىلىك بىر بالونلا قالغان ئىدى. ئەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئايالىنى چۆكۈۋاتقان كېمىدە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئايالى بولسا: «بالىمىزغا ئوبدان قاراڭ!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كېمە بىلەن بىللە سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى.



ئەر ئۆيىگە ناھايىتى پەرىشان ھالدا يالغۇز قايتىپ كەلدى. ئۇ ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ چوڭ قىلدى. ئوغۇل ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدە دادىسىنىڭ سەۋەبكارلىقى بار دەپ قارىغاچقا،

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

بۇنىڭدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. ئوغۇل ئالىي مەكتەپكە كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچى مۇنداق بىر دەرس سۆزلەپ بەردى:



«شەيئىلەرگە سىرتىغا قاراپلا ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس. ھاياتتا چوڭقۇر ئويلىنىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەر بار بولۇپ، پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن، چوڭقۇر ئويلانغاندىلا مەسىلىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرەي:

مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا بىر بىتاپ قىز ئېلىپ كېلىندى. دوختۇر ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ناھايىتى كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىزنىڭ دادىسى ئىنىسىغا تېلېفون قىلىپ يېتەرلىك پۇل ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. ئىنىسى بىر سائەت ئىچىدە دوختۇرخانىغا يېتىپ بارىدىغانلىقى ئېيتتى.




بىر سائەتمۇ ئۆتتى. بىراق، ئۇنىڭ تېلېفونى تاقىلىپ قالدى. قىزنىڭ دادىسى قايتا - قايتا تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئىنىسىنى خاتا چۈشىنىپ:

ـ ئۇ نېمىشقا مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ نېمىشقا مۇشۇنداق ئېغىر كۈندە ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ؟ ـ دېگەندەك يامان خىياللاردا بولدى.

ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغىرىقى جىرىڭلىدى. ئىنىسى كەلگەن ئىدى. ئىشىكنى ئاچقاندا ئىنىسى ئۇنىڭغا يېتەرلىك پۇلنى سۇنۇپ تۇرۇپ:



ـ ئاكا! مېنى كەچۈرگىن! ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. يېنىمدىكى پۇل كەملەپ قالغاچقا، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونۇمنى سېتىپ، ئاز بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك پۇل نەقلەپ كەلدىم، ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئاكا خۇشاللىقتىن ئىنىسىنى قۇچاقلاپ:

ـ ئۇكام! مېنى كەچۈرگىن! بىز ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە بوپسەن. مەن تېخى بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ـ دېدى خىجىل بولغان هالدا.

ساۋاقداشلار! ئۆزئارا يامان گۇمان قىلىشماڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇماندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر».

ئوقۇتقۇچى دەرستە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىدىن تەسىرلەنگەن ئوغۇل دەرستىن چۈشۈپلا خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن دادىسىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئاختۇردى. شۇ ئەسنادا دادىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

«دوختۇرلار ئايالىمنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى ۋە ساناقلىقلا بىرقانچە كۈنى قالغانلىقىغا دىياگنوز قويغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن، ئاخىرقى ئۆمرىدە بىرقانچە كۈن بولسىمۇ ساھايەت قىلىۋالسۇن، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلانسۇن دەپ ئىككىمىز بىرگە دېڭىز ساياھىتىگە چىققان ئىدۇق. تەلىيىمىزگە قارشى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە كېمىدىن چاتاق چىقىپ، كېمە چۆكۈشكە باشلىدى. كېمىدە پەقەت بىر كىشىلىك بىر تال بالونلا قالغان ئىدى. بىردىنبىر



چىقىش يولى بولغان بۇ پۇرسەتنى ئوغلىمىز ئۈچۈن چىڭ تۇتۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئوغلۇمنى دېمىگەن بولسام، بۇ ھاياتنىڭ ماڭىمۇ كېرىكى يوق ئىدى. ئايالىم بىلەن بىرگە ياشىغان ئىدۇق، يەنە بىرگە ئۆلۈشنى تاللىغان بولاتتىم ياكى مەن ئۆلۈمنى تاللاپ ئايالىمنى بالونغا چىقىرىپ قوياتتىم. ئەمما، ئۇنداق قىلسام، ئايالىمنىڭ

ساناقلىق كۈنلىرىلا قالغان بولغاچقا، ئوغلىمىز ھەم ئانىسىز، ھەم ئاتىسىز قالغان بولاتتى».



ئوغۇل خەتنى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە دادىسى قايتىپ كەلگەندە دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

- مېنى كەچۈرگىن، دادا! مەن ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى سەندىن كۆرۈپ يۈرۈپتىكەنمەن، - دېدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر. ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە باشقىلارغا

گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەر ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[17].

17) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 ـ ئايەت.

# ئالما ھېكايىسى

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دادىسى سابىت ناھايىتى نامرات، ئەمما ئىلىمسۆيەر، تەقۋادار يىگىت ئىكەن. بىر كۈنى قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ئۆيىدە يېگۈدەك بىر نەرسە يوق، سىرتقا چىقىپتۇ. يېمەكلىك ئىزدەپ بىر ئالمىلىق باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. راسا مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنىڭ بۇلۇقلىقىدىن باغدىكى ئالما شاخلىرى ئېگىلىپ قالغان ئىكەن. سابىتنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن بولغاچقا، ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئالمىغا قولىنى ئۇزىتىپتۇ ـ دە، بىر تال ئالمىنى ئۈزۈپ، يېرىمىنى يەپتۇ. باغنىڭ يېنىدىكى ئېرىقنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. ئەمما، ئارقىدىنلا قىلغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ...



ـ ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ باغۋەننى تېپىپ، رازىلىق ئالمىغۇچە قايتماسلىققا قەسەم قىپتۇ ۋە سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر باغۋەننىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. باغۋەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىشى بارلىقىنى سوراپتۇ.

ـ قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ، بېغىڭىزدىكى بۇ ئالمىنىڭ يېرىمىنى يەپ سالدىم. كېيىن پۇشايمان قىلىپ، سىزدىن رازىلىق ئالاي دەپ كەلدىم. مەندىن رازى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن،

ـ دەپتۇ سابىت يالۋۇرغان ھالدا.

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز رازى بولمايمەن، بۇ ئىش ئۈچۈن قىيامەت كۈنى سېنى ئاللاھقا شىكايەت قىلىمەن، ـ دەپتۇ باغۋەن قەتئىي تەلەپپۇزدا.



ـ سىزنى رازى قىلىدىغان ئىش بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن.

سابىت باغۋەنگە يالۋۇرۇپتۇ. ئەمما، باغۋەن ئۇنىڭدىن رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. سابىت ئۇنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. باغۋەن ئەسىر نامىزى ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا سابىتنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ تېخىچە ئولتۇرۇپسەنغۇ يىگىت، ـ دەپتۇ ھەيران قالغان قىياپەتتە.

ـ سىزنىڭ بېغىڭىزدا بىر ئۆمۈر ھەقسىز ئىشلەپ بەرسەممۇ مەيلى، مەندىن رازى بولۇپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ ـ دەپتۇ سابىت يالۋۇرۇپ.

ـ ئوغلۇم! بوپتۇ، مەن سەندىن رازى بولاي، ئەمما بىر شەرتىم بار، قىزىمنى نىكاھىڭغا ئالىسەن، ـ دەپتۇ باغۋەن مەغرۇر قىياپەتتە.

– بولىدۇ، سىز رازى بولىدىغانلا بولسىڭىز، قىزىڭىزنى ئەمرىمگە ئالاي، – دەپتۇ سابىت ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە.

– بىراق، قىزىمنىڭ كۆزى كور، كۆرەلمەيدۇ؛ تىلى گاچا، سۆزلىيەلمەيدۇ؛ قۇلىقى گاس، ئاڭلىيالمايدۇ. ئۇزۇندىن بېرى قىزىمغا مۇناسىپ بىر يىگىت تاپالماي يۈرەتتىم. ئەگەر سەن شەرتىمگە قوشۇلۇپ، ئۇنى نىكاھىڭغا ئالساڭ، سەندىن رازى بولۇپ كېتىمەن، – دەپتۇ باغۋەن.



سابىتنىڭ بېشى تۆگمەن تېشىدەك پىرقىراشقا باشلاپتۇ.

– مەن بۇنداق قىز بىلەن قانداق ھايات كەچۈرەلەيمەن؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن قانداق چىقالايدۇ؟ – دەپتۇ ئۇ ئۆز – ئۆزىگە.

سابىت بىرھازا ئويلىنىپتۇ...

باغۋەننىڭ رۇخسىتىسىز يەۋالغان ھارام لوقما ئۈچۈن ئىگىسىدىن رازىلىق ئالالماي، ئاخىرەتتە جازالىنىشتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى قارار قىپتۇ ۋە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ باغۋەنگە:

– بوپتۇ، تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، – دەپتۇ.

ــ ئەمىسە، كېلەر پەيشەنبە كۈنى تويى بىزنىڭ ئۆيدە بولىدۇ، توي چىقىمىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن، ــ دەپتۇ باغۋەن.

پەيشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. لېكىن، سابىتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم ئىكەن. دېمىسىمۇ ئۇ ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، گەپ قىلالمايدىغان ئايال بىلەن قانداقمۇ بىرگە ياشايدۇ؟

بىراق، ئۇ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، بۇ ئىشتىن ياخشىلىق ئۈمىد قىپتۇ. توي كۈنى نىكاھتىن كېيىن باغۋەن ئۇنىڭغا:



ــ قېنى كەل، ئوغلۇم! ئاللاھ سىلەرگە بەرىكەت بەرسۇن! ــ دەپتۇ ــ دە، ئۇنى قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ قويۇپتۇ. سابىت ئىشىكتىن كىرىشى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئالدىغا ئېگىشىپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى، ئالدىدا تۇرغان قىز جەننەت پەرىلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن.

ئۇ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيلا قاپتۇ.

ــ ئەجەبا، قىزنىڭ دادىسى ماڭا نېمىشقا ئۇنداق دېگەن بولغىيدى؟

سابىت شۇنچە ئويلىنىپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. قىز سابىتقا دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

ــ دادامنىڭ دېگەنلىرىدىن ھەيران قالماڭ! ئەسلىدە دادام

يالغان گەپ قىلغىنى يوق. دادامنىڭ مېنى «تىلى گاچا، سۆزلىيەلمەيدۇ» دېگىنى «نامەھرەمگە قەتئىي گەپ قىلىپ باقمىغان ياكى ھارام سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغان» دېگىنىدۇر. مېنى «قۇلىقى گاس، ئاڭلىيالمايدۇ» دېگىنى «مېنى غەيۋەت - شىكايەتتىن يىراق» دېگەنلىكىدۇر. مېنى «كۆزى كۆرمەيدۇ» دېگىنى بولسا «نامەھرەم ئەرلەرگە قاراپ باقمىغان» دېگەنلىكىدۇر. مەن دادامنىڭ يېگانە، ئەتىۋارلىق قىزى بولىمەن. بىرقانچە يىلدىن بېرى دادام ماڭا سالىھ،



تەقۋادار يىگىت ئىزدەپ يۈرەتتى. سىزنىڭ بىر ئالما ئۈچۈن رازىلىق سوراپ، يىغلاپ يۈرگىنىڭىزنى كۆرۈپ دادام: «بىر ئالمىنى سورىماي يەپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى قىزىمنىڭ ھەققىدىمۇ ئاللاھتىن چوقۇم قورقىدۇ» دەپ سىزنى كۈيئوغۇللۇققا تاللاپتۇ. سىزنىڭ دادامغا كۈيئوغۇل، ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن.

سابىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئايالغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىپتۇ. ئۇلار توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇ ئوغۇل دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى بولغان ئىمام ئەبۇ ھەنىفە نوئمان

ئىبنى سابىت ئىكەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[18].

18) نەھل سۈرىسى، 97 ـ ئايەت.

# ئاشقان تاماق

ئوتتۇز يېشىدا يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، ناھايىتى ئەخلاقلىق، تەقۋادار، سائادەت ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر باللار يەسلىسىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئازغىنا مائاشىغا تايىنىپ ئىككى بالىسىنى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. باللىرىمۇ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا شۇ يەسلىگە بىرىپ - كېلىپ ئوقۇيتتى.



سائادەت بىر كۈنى ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئون ياشلىق بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بەش ياشلىق ئوغلىنى تەلۋىلەرچە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋەتكە يېڭى كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە بالىنى ئېلىپ، ئۆيگە ئەكىرىپ، بولغان ئەھۋالنى قوشنىسىغا ئېيتتى.



قوشنىسى تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئوغلىنىڭ بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە شۇنداق ئەسەبىيلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ

سائادەتكە ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. سائادەت ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مەن سىزنىڭ يەر ئاستى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان قوشنىڭىز بولىمەن. ئاكام بۇ ئۆينى ماڭا بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ئىجارە ئېلىپ بەرگەن ئىدى. بالكوندا بىرقانچە توخۇ بېقىپ كېلىۋاتىمەن.



ئاشقان ـ تاشقان ئاش ـ تاماقلىرىڭىز بولۇپ قالسا، ماڭا بەرسىڭىز بولىدۇ.

قوشنا ئايال تەبەسسۇم قىلغىنىچە، بىردەم ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايالشىمايلا بىر خالتىدا ئاشقان تاماقلارنى ئېلىپ چىقىپ سائادەتكە بەردى. سائادەت يېمەكلىكنىڭ پۇرىقىدىن بىر ئاز سەسكەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ قوشنىسىغا:

ـ كېلەركى قېتىملاردا تاماقنىڭ ھەممىنى بىرلا خالتىغا سالماي، ئايرىم ـ ئايرىم خالتىغا سېلىپ بېرەرسىزمۇ؟ توخۇلىرىمغا كېسەل تېگىپ قالمىسۇن دەيمەن، ـ دېدى.

قوشنا ئايال ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يېمەكلىكنى توخۇلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ۋە باللىرى ئۈچۈن سوراۋاتقانلىقىنى پەملەپ ئىچى ئېچىشقان بولسىمۇ، چاندۇرمايلا:

ـ بولىدۇ، شۇنداق قىلاي، ـ دېدى.

قوشنا ئايال ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«قىرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھمۇ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئېلىپ، تاللا بازىرىغا كىردى ـ دە، بىرقانچە خىل ئېسىل يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالدى. قايتىپ كېلىپ، ئۆزىگە قانداق تاماق تەييارلىغان بولسا، يەر ئاستىدىكى قوشنىسى سائادەت ئۈچۈنمۇ شۇنداق تاماق تەييارلاپ ئەكىرىپ بەردى.



سائادەت قوشنىسىنىڭ يېمەكلىكلەرنى بۇنداق ئېسىل خالتىلارغا قاچىلاپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

ـ بۇنچىۋالا ئېسىل خالتىلارغا سالماي، ئادەتتىكى سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىپ بەرسىڭىزمۇ بولاتتى، ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن.

سائادەت قوشنا ئايال ئۈچۈن ۋە بالىسىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. قوشنا ئايالمۇ ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ۋە ياخشى بىر ھەمراھ تىلەپ دۇئا قىلدى.



تەخمىنەن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قوشنا ئايالنىڭ بالىسىدا كۆپ ياخشىلىنىش بولدى. مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ

بارغانسېرى ئۆگىشىلىپ، ئوبدانلا بىر بالا بولۇپ قالدى.

سائادەتنىڭ يولدىشىمۇ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزى بىلەن قايتىدىن تۇرمۇش قۇرۇشقا قوشۇلسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىپ، يالۋۇرۇپ كەلدى.



سائادەت ئۈچ كۈن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كونا يولدىشىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى ۋە بىر ئايدىن بېرى ئۆزى ئۈچۈن ئېرىنمەي ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىۋاتقان قوشنا ئايالغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يولدىشىنىڭ ئۆيىگە قايتتى ۋە بىر ئائىلە جەم بولۇپ، خۇشال - خۇراملىقتا چۈمگەن ھاياتىنى باشلىۋەتتى.



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر

ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ زور بەختتۇر﴾[19].

19) تەۋبە سۈرىسى، 72 ـ ئايەت.

# ئاشقان پۇل

ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا، ناھايىتى باي بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر ۋە مىجەزىنىڭ چۇسلىقىدىن يولدىشىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ھەشەمەتلىك ماشىنىسىدا كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى تۇخۇمچى ئايالنى كۆردى ـ دە، تۇخۇم سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـ تۇخۇملارنى قانچە پۇلدىن ساتتىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.



ـ بىر دانىسى بىر سوم، ـ دېدى تۇخۇمچى ئايال مۇلايىملىق بىلەن.

ـ سەككىز سومغا ئون تال بەرسىڭىز ئالاي، بولمىسا قايتىپ كېتىمەن.

ئۇنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى مۇغەمبەرلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. تۇخۇمچى ئايالنىڭ پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇڭا، ئەرزان بولۇشىغا قارىماي، تۇخۇملارنى سېتىۋەتتى.

بايۋەچچە ئايال «ئەجەب ئەرزان ئېلىۋالدىمغۇ!» دەپ مەغرۇرلارچە تۇخۇملارنى ئېلىپ، ماشىنىسىغا مىنگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئۇ يولدا ماڭغاچ بىر دوستىغا تېلېفون قىلىپ، ئىككىسى ھەشەمەتلىك بىر رېستورانغا كىردى ـ دە، ئېھتىياجدىن زىيادە نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى بۇيرۇتۇپ مەززە قىلىپ يېدى. ئەمما، شۇنچىۋالا كۆپ تاماق شۇ پېتى ئېشىپ قالدى. تاماق پۇلى 230 سوم چىققان ئىدى. بايۋەچچە ئايال پوكەيدە 250 لىرانى شارتتىدە چىقىرىپ:



ـ بولدى، ئاشقان پۇلنى قايتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ،

ـ دېگىنىچە رېستوراندىن چىقىپ دوستى بىلەن خۇشلاشقاندىن كېيىن، ھاكاۋۇرلارچە دەسسەپ كېتىپ قالدى.

ئۇ تېز سۈرئەتلىك يولدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالدى. يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارغا قول پۇلاڭلىتىپ ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ھېچكىم توختاپمۇ قويمىدى. بىرھازادىن كېيىن كونىراق ماشىنا مىنگەن، ئاددىي كىيىنگەن بىر يىگىت ماشىنىسىنى توختىتىپ:

ـ ياردىمىم كېرەكمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

يىگىت ئايالنىڭ تەلپىي بويىچە ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويماقچى بولدى. ئىككىسى پاراڭلىشىش جەريانىدا ئايال ئۇ يىگىتنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئوقۇشتىن سىرت ماشىنىسىنى كىراغا سېلىپ جان بېقىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

يىگىت ناھايىتى ئەدەپلىك بولۇپ، ئايالغا قىلچە يامان غەرەزدە بولمىدى. ئايال دەسلەپتە ئۇنىڭدىن يامان گۇمان قىلغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئوبدانراق كىرا بېرىشنى ئويلىدى.



يىگىت يولدا كېتىۋېتىپ قوناق سېتىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىككى باش قوناق سېتىۋالدى ۋە نورمالدىن زىيادە پۇل بەردى.

بايۋەچچە ئايال بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا پۇلنى جىق بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى. يىگىت ئايالغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— قارىسام، ئۇ ناھايىتى نامرات ئادەم ئىكەن. مەن بۇنداق قىلىشنى دادامدىن ئۆگەنگەن. دادام كوچىدا ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەك ساتىدىغان، نامرات كىشىلەردىن بىر نەرسە سېتىۋالغاندا، ئۇلارغا چاندۇرمايلا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن نورمالدىن جىقراق پۇل بېرەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا دادامدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىسام، دادام:



— ئوغلۇم! بۇنداق قىلىش كەمبەغەللەرنىڭ يۈزىنى

چۈشىۈرمەي، ئىززىتىنى قوغداپ تۇرۇپ ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. بىزدىن ئارتۇق بىر نەرسە كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ، ــ دېگەن ئىدى.

يىگىتتىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بايۋەچچە ئايال ھېلىقى تۇخۇمچى ئايالغا قىلغان مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئۆزىدىن بەكمۇ نومۇس قىلدى.

ئايال ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە چۈشمەكچى بولۇپ:

ــ كىرا قانچە پۇل بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھېچ نەرسە كەتمەيدۇ. پەقەت بىرلا شەرتىم بار: سىزمۇ بۈندىن كېيىن ھەرقانداق كىشىگە قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىسىڭىزلا بولىدۇ.

بايۋەچچە ئايال ئۆيىگە كىرىپ چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىش ــ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ يانچۇقىغا



خېلى جىق پۇل سېلىپ، دەرھال تۇخۇمچى ئايالنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا يېنىدىكى ھەممە پۇللارنى بېرىۋەتتى.

تۇخۇمچى ئايال نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي، دەسلىپىدە گاڭگىراپلا قالدى ۋە ئارقىدىنلا خۇشاللىقتىن يىغلاپ كەتتى.

ـ ئاللاھقا شۈكۈر، ئەمدى مەن دورىخانىغا بېرىپ، قىزىم ئۈچۈن دورا سېتىۋالالايدىغان بولدۇم، ـ دېدى كۆز يېشىنى سۈرتكەچ.

بۇ چاغدا بايۋەچچە ئايال ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنى يەنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ لەززىتىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

ئەتىسى كۈتۈلمىگەندە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى:

ئۇزۇندىن بېرى ئايرىلىپ كەتكەن يولدىشى ئوغلىنى ئېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئايالىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ئاغزى ئىتتىكلىكى سەۋەبلىك ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئايرىلغاندىن بۇيان بالىسىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.



ـ مەن باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى. پۇل تېپىپ، ساقا ئوخشاش باي بولۇپ، مېنى ۋە مېنى باققان نامرات دادامنى ئەيىبلىيەلمەيدىغان بولغىنىڭدا قايتىپ كېلىمەن، ـ دېدى ئەر خوشلىشىپ.

بايۋەچچە ئايال يولدىشىغا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى،

بۇنىڭدىن كېيىن خاتالىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بىرگە ياشاش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ئەرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئايالدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇ ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇدى، قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، گۇناھلىرىغا چىن قەلبىدىن پۇشايمان قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىشىنى ھەقىقەتەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[20].

20) سۈرە تالاق، 3 ـ ئايەت.

# ياخشىلىقنىڭ كۈچى

ئامېرىكىنىڭ يۇجەنسى ۋىلايىتىدە كېتىۋاتقان ئامېرىكىلىق بىر قىزنىڭ ماشىنىسى ئايىغى چىقماس بىر يولدا توختاپ قالدى. ئۇ تېلېفون ۋە پۇللىرى سېلىنغان سومكىسىنى ئۆيىدە ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، يولدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئەتراپقا قاراپ، يول بويىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بىر يىگىتنى كۆردى. يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقىدىن ناھايىتى نامراتلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. قىزنى كۆرگەن يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:



– ياردىمىم كېرەكمۇ؟ – دەپ سورىدى.

قىز ئۇنى يامان غەرەزلىك بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، سەل قورققاندەك:

– ھېچ ئىش يوق، – دەپ جاۋاب بەردى.

يىگىت ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كىتابىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى. بىرھازادىن كېيىن قىزنىڭ يەنە جىددىيلەشكەن ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، ھەرقانداق ئىش بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ، ياردىمىڭىزدە بولىمەن، ــ دېدى.

ــ ماشىنامنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ قالدى، ــ دېدى قىز خىجالەت بىلەن.

ــ سىز ماشىنىڭىزدا ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، ــ دېدى يىگىت ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ.

قىز نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى.

تەخمىنەن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت قولىدا بىر باك ماي كۆتۈرۈپ كېلىپ، ماشىنىغا قۇيدى. ماشىنىسىدا ساقلاپ ئولتۇرغان قىز يىگىتتىن ناھايىتى تەسىرلەندى. يىگىت ماشىنىغا مايني قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن:



ــ يېنىمدا پەقەت يىگىرمە دوللارلا پۇل بار ئىكەن، بولمىسا كۆپرەك ماي سېتىۋالغان بولاتتىم. ئىشىنىمەنكى، بۇ ماي بىلەن ئۆيىڭىزگە ساق ـ سالامەت يېتىپ بارالايسىز، ــ دېدى.

قىزنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى ۋە يىگىتكە ئۆزى بىلەن ئۆيىگە بارسا، پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يىگىت:

— كېرەك يوق، ئۇ پۇلنى ماڭىمۇ بىرەيلەن بەرگەن ئىدى، — دېدى.

قىز رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، ماشىنىسىغا مىنگىنىچە پۇل ۋە كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولدى. بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يىگىت بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئافرىقىلىق بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە ئىش ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەمدە ۋاقىت ئۆتكۈزگەچ مۇشۇ يەردە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم» ئىدى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھمۇ ھاجىتىنى راۋان قىلىدۇ».

قىز يىگىتكە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن بولغان ھېكايىسىنى فېيسبوك سەھىپىسىدە تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يىگىتكە مىڭدىن ئارتۇق ئورۇندىن ئىش تەكلىپى كەلدى. ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئۇزۇنغا قالماي، ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن 100 مىڭ دوللار ئەتراپىدا نەق پۇلغا ئىگە بولدى. ئەڭ مۇھىمى مەزكۇر قىزنىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرى، دوست

- يارەنلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ يۈزلەرچە كىشى ئىسلام بىلەن تونۇشۇپ، نەچچە ئونى مۇسۇلمان بولدى. مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بىرىنچىسى ئاشۇ قىز ئىدى.



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار يامان بىرەر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[21].

21) ئال ئىمران سۈرىسى، 133ـ136 ـ ئايەتلەر.

# ياخشى سۆزنىڭ كارامىتى

مەلۇم بىر يېزىدا بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر ئايال بار ئىدى. يولدىشى ئۇنى تەۋەلىكتىكى پۈتۈن دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ساقىيالمىغان ئىدى ھەتتا مەلۇم بىر دوختۇر ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلمىسا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنداق ئوپېراتسىيەنى قىلالايدىغان دوختۇردىن شەھەردە پەقەت بىرلا بولۇپ، شەھەرگە كىرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى.



ئەر ئايالىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى. بارلىق تەكشۈرۈشلەر تاماملانغاندىن كېيىن ئوپېراتسىيە ۋاقتى بېكىتىلدى. ئوپېراتسىيە ۋاقتى كەلگەندە ئايال بىھوش بولۇپ قالدى. ئالاقىزادە بولغان ئەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىر دوختۇر چاقىردى. چاقىرىلغان دوختۇر ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ:

– كېسەلگە مۇشۇنداقمۇ سەل قارىغان بارمۇ؟ ئۇنى ئەمدى داۋالىتىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. ئۇنىڭ پەقەت بىرقانچە سائەت، كۆپ بولغاندا بىرقانچە كۈنلا ۋاقتى قاپتۇ، – دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى.

شۇ ئەسنادا دوختۇر بىلەن ئىككىسى ئارىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى يىراقتىن ئاڭلاپ تۇرغان ئاق خالاتلىق بىر قىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ تاكى ئايال ھوشىغا كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئايال ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئەردىن:

- ئايالىڭىزنى قايسى دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلدۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئەردىن دوختۇرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان قىز:

- ئۇ دوختۇر ئايالىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلدىمۇ؟ ئۇ ئەڭ مەشھۇر دوختۇرلاردىن بىرى. قەتئىي بوش ۋاقتى يوق. سىزنىڭ ئايالىڭىزغا ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، قىلغان ئوپېراتسىيەسى ئاساسەن ئۇتۇقلۇق بولغان، قالتىس ماھارەتلىك دوختۇرغا ئۇچراپسىز، ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز، - دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەر بىردىنلا ئۈمىدلىنىپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ ئايالىغا قارىغان ئىدى، ئايالىمۇ تەبەسسۇم قىلدى. سىستىرا قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئايالىنىڭ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى سۆز ۋە ئەپۇچانلىق

كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾[22].

شۇ گەپ بولۇپ بىرقانچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئايال ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىلدى. ھېلىقى قىز بۇ ئايالنىڭ بىرقانچە سائەت ياكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان دوختۇرنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:



ــ بىلەمسىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېسەل يوقلاپ بارساڭلار، ئۇنىڭغا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىڭلار. چۈنكى، بۇنداق قىلىشىنىڭ كېسەلنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا قىلچە پايدىسى بولمىسىمۇ، كەيپىياتىنى ياخشىلايدۇ».

شۇنداق قىلىپ ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ئەر تولىمۇ خۇشال بولۇپ دوختۇرغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سېستىرا دەپ ئويلىغان ھېلىقى قىزغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىدى ۋە كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئازراق پۇل تەڭلىدى.

ئۇ بۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلىپ، ئەرگە مۇنداق دېدى:

22) بەقەرە سۈرىسى: 263

ـ ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىدە ئىسپاتلىنىشىچە، كېسەلنىڭ روھىي كەيپىياتى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى كېسەللىك ئۈستىدىن شۇنچە غالىب كېلەلەيدۇ. مەن سىزنىڭ ھېلىقى دوختۇرنىڭ سۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، كەيپىياتىڭىزنىڭ بەكمۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى



كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئايالىڭىز ھوشىغا كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئىككىڭلارغا ئوپېراتسىيەگە كىرىدىغان دوختۇرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى دېيىش ئارقىلىق ئايالىڭىزنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتىم. دوختۇرغا بولغان ئىشەنچىڭلارنى تۇرغۇزدۇم. ئەمەلىيەتتە مەن سېستىرا ئەمەس، بەلكى بۇ يەرگە بۈگۈن يېڭى كەلگەن دوختۇر ئىدىم. ئوپېراتسىيەگە كىرگەن دوختۇر توغرۇلۇقمۇ كۆپ نەرسە بىلىپ كەتمەيمەن. ئەمما، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن ئىدىم:

«كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىڭلار، ئۇلارنى شۇم خەۋەرلەر ئارقىلىق ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرلىك يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە، ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى

HAKSEVER

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾[23].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

23) نىسائ سۈرىسى، 114 ـ ئايەت.

# ۋەزىپىدىن قايتقان چايان

ناھايىتى ياخشى، كەرىم ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن دېڭىز ساھىلىغا چىقتى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ھەم ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بىر جايغا چۈشكۈن قىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئانى ئوقۇپ، دېڭىز مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانغاچ سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇردى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بىر مەنزىرىگە چۈشتى.



بىر چايانىنى مىندۇرۇۋېلىپ، دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بىر تاشپاقا ساھىلغا كېلىپلا، ئۈستىدىكى چايانىنى يەرگە چۈشۈردى. چايان شۇ ھامان بىر دۆۋە سامانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆزدىن غايىب بولدى ـ دە، ئۇزۇن ھايالشمايلا قايتا پەيدا بولۇپ، بىر سەكرەپلا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان تاشپاقىغا مىندى ۋە قارشى قىرغاققا قاراپ يول ئالدى.



بۇ غەلىتە ئىشنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان كەرىم بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپ، سامانىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سامانىنىڭ يېنىدا بىھوش

ياتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە:

– بۇ يىگىتنى چوقۇم ئاشۇ چايان چېقىۋېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، – دەپ ئويلىدى – 



دە، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى. بىراق، ئەھۋال تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىدى. بىھوشتەك ئۇخلاۋاتقان يىگىت ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىدىن ئويغىنىپلا، يىگىتتىن:

– شام نامىزىغا قانچىلىك قالدى؟ – دەپ سورىدى.

يىگىت ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇ بېشىنى قويۇپ ياتقان يەردە بىر يىلان قانغا مىلەنگەن ھالدا ئۆلۈك ياتاتتى.

ئەسلىدە بۇ يىلاننى ھېلىقى چايان كېلىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، يەنە تاشپاقىغا مىنىپ قارشى قىرغاققا قاراپ كەتكەن ئىدى. كەرىم ئۆز - ئۆزىدىن سوراشقا باشلىدى:



– قانداقسىگە بۇنداق غەلىتە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ئىشتا چوقۇم بىر سىر بار. مەن بۇ ياشنى بىر سۈرۈشتۈرۈپ باقايچۇ!

ئۇ قايتىپ ھېلىقى يىگىتنى سۈرۈشتۈردى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم بىر شىركەتتە بوغالتىر بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆي

ئادرىسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلەش ئۈچۈن مەھەللىسىگە باردى. مەھەللىدىكى ھەممىلا كىشى ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى، تەقۋادار، ئەخلاقلىق، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بىر ياش ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپ، ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.



ئەسلىدە ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ، ئۇلار بەكمۇ كېسەلچان ئىكەن. يىگىت كېچىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، قەتئىي ئۇخلىمايدىكەن. يىگىت ئاتا ـ ئانىسىنى داۋالىتىمەن دەپ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولغان ئىكەن. ئۇلار ئوغلىدىن ناھايىتى رازى بولۇپ، ئاللاھتىن ئوغلىنى ھەرقانداق بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان ھالدا جان ئۈزگەن ئىكەن.



كەرىم بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن باشقىچە خۇشاللىققا تولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئېسىگە ئالدى: «ھەر كىمنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ھالدا تاڭ ئاتقۇزغان مۇسۇلمانغا جەننەتنىڭ دەرۋازىسى قوش قاناتلاپ ئېچىلىدۇ».

شۇ كۈنى كەچتە كەرىم ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چوڭ بىر



شىركىتى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا شىركەتنىڭ باش مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى ۋە مائاشىنى ھازىرقىدىن ھەسسىلەپ يۇقىرى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان يىگىت ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئاللاھتىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىشىنى چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[24].

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

24) تالاق سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

# ۋاپادارلىق ئابىدىسى

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ناھايىتى تەقۋادار، باي بىر ئادەم بار ئىدى. ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ چوڭ ئوغلى ئەكرەمگە مۇنداق دېدى:



— ئاناڭلار ئۆلۈپ كېتىپ ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماسلىق ئۈچۈن يوشۇرۇن ئۆيلەنگەن ئىدىم. ئايالىم ھىندونېزىيەلىك مۇسۇلمان ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولدۇم. بۇ ئۇنىڭ ھىندونېزىيەدىكى ئادرېسى. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ مىراسىنى بېرىڭلار. ئىمكانىڭلار يار بەرسە، ئۇنىڭغا قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى.



بالىلار دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسىنى تەقسىملەش ئۈچۈن قازىنىڭ يېنىغا باردى. ئەكرەم بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلىدى:

«ئاراڭلاردىن ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان بىر غېرىچ زېمىننى بىراۋدىن ئېلىۋالمىسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە قات زېمىننى كىيگۈزۈپ قويىدۇ».

ئەكرەم قازىغا دادىسىنىڭ ھىندونېزىيەدە بىر ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان قازى مىراس تەقسىماتىنى تاكى ئاشۇ ئايال كەلگۈچە توختىتىپ قويۇش قارارى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئەكرەم ھىندونېزىيەگە بېرىپ، ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنى تاپتى. ئۆي ناھايىتى ئاددىي ئىدى.



ئەكرەم ئىشىكنى چەككەندە ئۆيدىن ئېسىل بىر ئايال چىقتى. ئەكرەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ تېگىشلىك مىراسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىرگە قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ئايال ئەكرەم بىلەن بىرگە ۋاپات تاپقان ئېرىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، مىراستىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ پۇل ئىدى. ئۇ ئەكرەمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتى ھىندونېزىيەگە قايتىپ كەتتى.

HMK HAKSEVER ھەقسۆيەر

تەخمىنەن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەكرەم ئۆگەي ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى يوقلاپ ھىندونېزىيەگە باردى. ھەيران قالارلىقى، ئايال شۇنچىۋالا جىق پۇل ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئەكرەم ئۇنىڭغا:

ـ سىز مىراستىن ئالغان پۇللارنى نېمىگە ئىشلەتتىڭىز؟ ئۆيىڭىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ، ـ دېدى. ئايال تەبەسسۇم قىلىپ:

ـ ئەتە ئەتىگەن سىزنى مال ـ مۈلكۈم بار يەرگە باشلاپ باراي، ـ دېدى.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئون ياشقا كىرگەن چوڭ بالىسى ھۇجرىسىدىن چىقتى.

ـ قۇرئاندىن قانچە پارە يادلاپ بولدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى ئەكرەم.

ـ ھەممىنى، ـ دېدى بالا.

ئايال چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـ ئوتتۇرانچى ئوغلۇم 15 پارە، تۆت ياشلىق كىچىك قىزىم بىر پارە يادلاپ بولدى. ئادەتتە بالىلىرىمنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپلا قۇرئان يادلاشقا باشلايدۇ. مەن ئۇلارنى پات ـ پات بەسلەشتۈرۈپ تۇرىمەن. ھەر كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى بالدۇر يادلاپ بولغانلار ئېسىل مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەپتىلىك دەرسىنى تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ بولغان بالا شۇ ھەپتىنىڭ دەم

ئېلىش كۈنى سىرتقا چىقىپ ئويناپ كېلىدىغان ئورۇننى تۈنجى بولۇپ بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلاردا قۇرئان يادلاشقا تېخىمۇ ھېرىسمەنلىك ۋە قىزغىنلىق پەيدا قىلىمەن.




ئەكرەم ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۇكىلىرىنىڭ قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆگەي ئانىسى بىلەن شەھەر مەركىزىگە كېلىپ، كۆركەم سېلىنغان بىر ئىسلامىي مەركەزنى كۆردى.

بۇ يەردە قۇرئان يادلاش سىنىپلىرى ۋە يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەش بۆلۈملىرى بار ئىدى. ئايال بۇ مەركەزنى يولدىشىنىڭ نامىدا ئاتاپ، يولدىشى ئۈچۈن سەدىقە جارىيە قىلىپ قويغان ئىدى. دېمەك، بۇ يەردە قىلىنغان ھەربىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يولدىشىغا يېتىپ تۇراتتى.

ئەكرەم بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى. بۇ ئايالنىڭ دادىسىغا بولغان ساداقىتى ۋە ۋاپادارلىقىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. ئۇ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىغا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارمۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ

دادىسى ئۇچۇن كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى ۋە چىن ساداقىتىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندى ۋە ئۇنى ئۆلگە قىلىپ، ئۆز شەھىرىدە بىرقانچە خەيرىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.

تەقۋادار ئايال باللارغا ۋاپادارلىقنى ھەم بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرۈشنى ئۆگىتىپ قويغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار يامان بىرەر گۇناھ قىلىپ ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ سالسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ - دە، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[25].

25) ئال ئىمران سۈرىسى، 133ـ136 ـ ئايەتلەر.

# ھەج يولىدىن قايتقان ھەلىمە

ھەلىمە ئىسىملىك، ناھايىتى تەقۋادار بىر ئايال بار ئىدى. ھەج ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇ بىر يىلى ھەج قىلىش نىيىتىدە ھەج قىلدۇرۇش شىركىتىگە پۇل تۆلەش ئۈچۈن ئوغلى بىلەن يولغا چىقتى. كېتىۋېتىپ يول بويىدا ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغلى بىلەن ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان، ناھايىتى ھارغىن چىراي بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئوغلىغا ئۇلارنىمۇ ماشىنىغا سېلىۋېلىپ، بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى.

ھەلىمە خانىم ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا ئۇ ئايالدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى



سورىدى. ئايال ناھايىتى غەمكىن ھالدا يۈرەك كېسەللىكى دوختۇرخانىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ جەرياندا ئۇماق ئوغۇل توختىماي ئانىسىغا ئەركىلەيتتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ دەردلەردىن قاچان قۇتۇلىدىغانلىقىنى سورايتتى. ئانىسى بولسا ئوغلىغا قاراپ، يىغا ئارىلاشقان تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

ئوغۇل بىردىنلا ئانىسىدىن سوراپ قالدى:

ـ ئانا مەن قاچان ئۆلۈپ كېتىمەن؟ دورا ـ ئوكۇللاردىن

بەكمۇ زېرىكتىم.

ھەلىمە خانىم كىچىككىنە بىر نارەسىدىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى ۋە چوڭقۇر ئويغا پاتتى...

ئانا پەرىشان ھالدا:

ـ ياق، ئوغلۇم! سەن ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمەيسەن، سېنى ياخشى كۆرىدىغان سىڭلىڭ بارغۇ! سىلەر خۇشال ـ خۇرام ياشايسىلەر، ـ دېدى ئوغلىغا جاۋابەن.



ھەلىمە خانىم ئوغلىغا ماشىنىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى ۋە ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بالىنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

ـ سەن ناھايىتى قالتىس بالا ئىكەنسەن. كۆلكەڭ نېمىدېگەن ئوماق ھە! ـ دېدى.

ـ مەن ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ ئوماق ئىدىم. لېكىن، دورا ـ ئوكۇللار سەۋەبلىك چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتتى، ـ دېدى بالا مەيۈسلىنىپ.

ھەلىمە خانىم بالىنىڭ قولىغا سۆيۈپ، ئەركىلىتىشكە باشلىدى. بالىنىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى ۋە گوياكى خۇشاللىققا چۈمگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئانىسىغا تەلمۈرۈپ

قارىدى.

ئانا چوڭقۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ:

ــ بالامنىڭ يۈرىكىدە مەسىلە بار، جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. دوختۇرلار دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا، بىرقانچە ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. ئەپسۇس، بىزنىڭ ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇدەك پۇلىمىز يوق. بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز دەپ ئادەتتىكى دورا ـ ئوكۇللار بىلەن داۋالىتىپ كېلىۋاتىمىز، ــ دېدى.

ھەلىمە خانىم بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق دېدى:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئوغلىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرايلى. بارلىق چىقىملىرىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. ئوغلىڭىز سىڭلىسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ئويناپ ـ كۈلىدىغان ۋاقىتلارمۇ كېلىدۇ. ئاللاھ خالىسا، ئۇ ساللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، ــ دېدى.

ئايال قۇلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى ۋە رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەلىمە خانىمنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويۇشقا تەمشەلدى.

ھەلىمە خانىم ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويماي:

ــ مېنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرغان ۋە يولۇمنى ئۆزگەرتكەن ئاللاھقا مىڭ قەتىرە شۈكۈرلەر بولسۇن! ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەلىمە خانىم ئۇلار بىلەن بىرگە ئوپېراتسىيە دوختۇرىنىڭ يېنىغا ئالايىتەن باردى ۋە پۈتۈن ئوپېراتسىيە چىقىملىرىنى تۆلىدى. ئوپېراتسىيە ۋاقتى ئەتىسى ئەتىگەنگە

بېكىتىلدى. ھەلىمە خانىم ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىۋاتقاندا، ئوغلى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ سىز نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئانا ھە! ھەج ئۈچۈن تاپقان ـ تەرگەنلىرىڭىزنى تونۇمايدىغان بىر ئايالنىڭ بالىسىنى داۋالىتىشقا ئىشلىتىۋەتتىڭىز، سىڭلىمنىڭ تەلىپىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. ئۇ سىزدىن كەبىنىڭ ئالدىدا ئاللاھقا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىڭىزنى سورىغان ئەمەسمىدى؟!



ھەلىمە خانىم تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ـ جېنىم ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرى: ئى ئاللاھ! ساخاۋەتچى بەندەڭنىڭ پۇل ـ مېلىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، دەيدۇ. يەنە بىرى بولسا: ئى ئاللاھ! بېخىل بەندەڭنىڭ پۇل ـ مېلىغا تالاپەت بەرگىن، دەيدۇ».

سىڭلىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. قىزىمنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ مەن ئۇ بالىنىڭ ئوپېراتسىيە چىقىمىنى بەرگەندە ئاللاھقا قىزىم ئۈچۈن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلدىم، ئاللاھ دۇئايىمنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ.

ئاخىر ھېلىقى بالىنىڭ ئوپېراتسىيەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك

ئاخىرلىشىپ، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەلىمە خانىمنىڭ قىزىمۇ ھامىلىدار بولدى. ئاللاھ ھەققەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر ھامان تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەت تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[26].

26) نەھل سۈرىسى، 97ــ96 ـ ئايەتلەر.

# نەمۇنىلىك دوختۇر

ياخشىلىقسۆيەر، ياش سەھىيە مىنىستىرى ئىشتىراك قىلغان بىر قېتىملىق دوختۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا دوختۇرلار ۋەكىلى كۆپچىلىككە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

شىددەتلىك بوران چىققان بىر كېچە ئىدى. ياشانغان بىر ئايال ئىشىكىمنى چېكىپ:

- جېنىم دوختۇر! ئۆتۈنۈپ قالاي! بالام قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئەھۋالى تولىمۇ خەتەرلىك. قانداق قىلىسىڭىز قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋپ قالغان بولسىڭىز؟ - دەپ يالۋۇردى.

مەن شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر مۆمىننىڭ دۇنيادىكى كۈلپەتلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ كۈلپەتلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئىشلىرىغا ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قولايلىق ئاتا قىلىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىبىنى ياپىدۇ»[27] دېگەن ھەدىسىنى ئەسلىدىم - دە، شىددەتلىك بوران - چاپقۇن، چېلەكلەپ قۇيغاندەك چۈشۈۋاتقان يامغۇر ۋە سوغۇق شىۋىرغانغا قارىماي، ئالدىراپلا يولغا چىقتىم.

ناھايىتى ئۇزاق ھەم جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ

ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئايال بالىسى بىلەن كىچىككىنە بىر كەپىدە تۇرىدىكەن. بالا بۇلۇڭغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئاغرىق ئازابىدىن ئېڭراپ ياتاتتى... مەن بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، بىر قۇر جىددىي داۋالاشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئايال ماڭا پۇل تەڭلىدى. مەن ئۇ پۇلنى چىرايلىقچە رەت قىلدىم ۋە بىر ئايغىچە ھەر كۈنى كېلىپ بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدىم. ئاخىر ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق ئاتا قىلدى.

قېرىنداشلار! دوختۇرلۇق كەسپى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ۋە مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغىلى بولىدۇ، شۇ چاغدا بۇ كەسپمۇ ئەڭ ساۋابلىق كەسپكە ئايلىنىدۇ.

دوختۇرلار ۋەكىلى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى بىلەنلا ئۆزىنى تۇتالمىغان ياش سەھىيە مىنىستىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ئەپەندىم! رۇخسەت قىلسىڭىز قولىڭىزغا بىرنى سۆيۈۋالسام. بىلەمسىز؟ مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى سىزنى ئىزدەۋاتىمەن. مەن دەل شۇ چاغدىكى سىز داۋالىغان كېسەل بالا بولىمەن. مانا ئەمدى ئانامنىڭ روھىمۇ شاد بولىدىغان بولدى. ئانام جان ئۈزۈش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ:

ــ بىزگە نامرات چېغىمىزدا ياردەم قىلغان ھېلىقى دوختۇرنى ئىزدەپ تېپىپ رازى قىلغىن، ئۇنى مۇكاپاتلىغىن! ــ دېگەن ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دوختۇرلار ۋەكىلى ئۆزىنى تۇتالماي، يىغلاپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا دۇئا قىلدى. سورۇندىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ۋە دوختۇرلار ۋەكىلىگە دۇئا قىلدى. دوختۇرلار ۋەكىلى

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈننى مەخسۇس نامراتلارنى ھەقسىز داۋالاش ئۈچۈن ئايرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان دوختۇرلارمۇ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دوختۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ، (ئاللاھنىڭ نېمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق. ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ۋە ئاللاھ ئۆزلىرىگە بەرگەن مالدىن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ ئاللاھ ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ (قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە

زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ. بىز ھەر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾[28].

28) نىسائ سۈرىسى، 36ــ42 ـ ئايەت.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر